# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2016 ـ يىل 5 ـ سان

(ئومۇمىي 157 ـ سان)




## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس

ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى ............ ئەسئەت بارات (1)

ئۇيغۇرلاردا قاداقچىلىق ............ مەھمۇدجان سىدىق بىلگىيار (37)

ئاۋات خەلقىنىڭ تال توقۇمىچىلىقى ............ دۆلەت ئاقنىياز (44)

تۇلۇم توغرىسىدا ............ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (54)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا ............ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن (5)

جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ... ............ سۈي يەنخۇا (12)

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ............ ھۆسەنجان تۇرسۇن (76)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

نىيتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك ... توپلىغۇچى: پەتتارجان تۇرسۇن ئىدىقۇتى (21)

## ماكانىمىز

كەلپىنگە چېتىشلىق قەدىمىي ئۆتەڭلەر ............ مامۇت قۇربان (24)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

مەسەللەر ............ مۇھەممەد ئىمىن (41)


باش مۇھەررىر:

مۇختار مۇھەممەد

(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)

جاۋابكار مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەررىرلەر: نۇرنىسا باقى

خۇرسەنئاي مەمتىمىن

ئەزىزەم تۇيغۇن

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

CN65 _ 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 _ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E_mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## يىمەكلىرىمىز


ئۈزۈم توغرىسىدا ........................ راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى (49)


## ئادەت قىرىماس


ئۇيغۇرلاردا خامان ئېلىش ئادىتى ...... نۇرمۇھەممەت ئىمىن روزى (58)
مەكىت خەلقىنىڭ «بىر پىيالە چاي» ئادىتى ...... ئابلاجان مۇھەممەد (70)


## ئويۇنلىرىمىز


خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى ......... توپلىغۇچى: سابىرجان سېيىت (62)


## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر


مۇھەررىرلەرنىڭ بۇرچى .............................. مايىنۇر مۆمىن (74)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 33 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 33 يىللىق شانلىق تارىخىدا 157 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 33 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: نۇرنىسا باقى
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «خۇشبۇي ھەرەمباغ» مىنياتۇرا رەسىم نەۋبەت سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئېلجان ئىسمائىل تەمىنلىگەن

Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


主编：
木合塔尔·买买提
(编审，法人代表)
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克（副编审）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش ھۈنەر- سەنئىتى

ئەسئەت بارات








شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، قەدىمدىن ھازىرغىچە كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىدۇر. تارىختا بۇددا دىنى، زورو ئاستىر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى)، مانى دىنى، نىستورى دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دۇنيادىكى بىر نەچچە چوڭ دىنلار ئىلگىرى - كېيىن بۇ يەردە تارقالغان. دۇنيادىكى تۆت چوڭ قەدىمىي مەدەنىيەت يەنى جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە گرېتسىيە رىم مەدەنىيىتى دىيارىمىزدا ئۇچرىشىش، ئۆزئارا تەسىرلىشىش نەتىجىسىدە، ئىنتايىن مول ۋە خىلمۇخىل مەدەنىيەت مىراسلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزاق مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرەققىيات جەريانىدا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىپلا قالماي، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بېيىتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. قەغەز ياساش ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.








ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش ھۈنەر- سەنئىتى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئۆلمەس شاھىتى بولۇپلا قالماستىن، قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقىمىزدۇر، شۇنداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئەمگەكچان خەلقىمىزنىڭ ئەجادچانلىقى، مول تەسەۋۋۇرى، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىنىڭ جانلىق ئىنكاسى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز ياساش ھۈنەر - سەنئىتى» ئاساسلىقى خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە تارقىلىپ، ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلگەچكە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزلىرىنى خەلق خوتەن قەغىزى دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن .

شىنجاڭ جۇغراپىيىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە، خوتەن قەغىزىدە يېزىلغان نۇرغۇنلىغان قەدىمىي كىتابلار قېزىۋېلىنغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسى ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىلىرى غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، خوتەن ئۇجمە قوۋزىقىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ئىشلەش بىلەن داڭ چىقىرىپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئائىلە قول ھۈنەر - سەنئىتىگە ئايلىنىپ، شىنجاڭدا شۆھرەت قازانغان.

تارىخ بەتلىرىگە نەزەر سالساق، شىنجاڭدا ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزنى ئىشلىتىش ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ئىچىدە ئۇجمە كۆچىتى تىكىش ئادىتى بار، ئۇجمە كۆچىتى تىكىش توغرىسىدا نۇرغۇن يازمىلار خاتىرىلەنگەن، چۈنكى بىزنىڭ بايقىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى كىتاب ۋە قوللانمىلارغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز ئىشلەتكەن. ئىلگىرى ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز پۇلنى ئىشلىتىش ئومۇملاشقان، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، تېببىي ئالىملىرى ۋە شائىرلار ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزگە نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان .

1908 - يىلى ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ستەيىن خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىغا 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان مازار تاغ دېگەن جايدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمىي بۇتخانا خارابىلىكتىن بىر كىتاب قېزىۋالغان. بۇ بىر قەغەز سودىسىغا ئائىت ھېسابات دەپتىرى بولۇپ، بىر راھىبنىڭ بوستانلىققا بېرىپ قەغەز سېتىۋالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاز دېگەندىمۇ تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىلا خوتەن رايونىدا ئۇجمە قوۋزىقىدىن قەغەز ئىشلەش ناھايىتى راۋاجلانغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىدا خوتەن قەغىزىدە ياسالغان پۇل ساقلانماقتا.

1845 - يىلى لىن زېشۈي خوتەنگە بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن ۋاقىتتا يەنى 1845 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خوتەنگە كىرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ يازغان خاتىرىسىدە ئۇنىڭ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئۇجمە قوۋزىقىدا ياسالغان قەغەز ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خوتەندىن ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ بولغان، ئارخېئولوگىيەلىك

تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخي مەدەنىيىتىدە خوتەن قەغىزىنى خەت ـ چەك، دىنى ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەرنى ۋە ۋەسىقىلەرنى يېزىش، رەسىم سىزىش، خەرىتە سىزىشقا ئوخشاش مەتبەدە ئىشلەتكەندىن سىرت، كىيىم ـ كېچەك، دوپپا تىكىشتە قاتۇرما قىلىش ھەم تېبابەت دورىلىرىنى، قەنت ـ ناۋات، تاتلىق ـ تۈرۈملارنى ئوراش، يەنە كۆيۈك يارا، سۆڭەك سۇنۇقى قاتارلىقلارنى تېڭىش، ئىشىك ـ دېرىزە كۆزنەكلىرىنىڭ يېرىقلىرىغا چاپلاپ توپا ـ چاڭدىن ساقلىنىش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللانغان .

ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى زامان سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، بولۇپمۇ زامانىۋى سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشى، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىنىشكە قاراپ يۈزلىنىشى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ شەھەرلىشىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەتتە يوقىلىشقا باشلىدى.

1950 ـ يىلدىن باشلاپ، خوتەن قەغىزى تارىخي سەھنىدىن چېكىنىپ ئىشلىتىش دائىرىسى ئاساسەن نەرسىلەرنى ئوراش، دېرىزە، تۈنۈكلەرگە ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ، يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. 2005 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي خوتەن قەغەزچىلىكىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى توختىباقى بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت مىراسىمىزنى قوغداش خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى. دەل مۇشۇ چاغدا يەنى 2006 ـ يىلى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى» دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. مەخسۇس ۋارىسلار تەربىيەلىنىپ، قايتىدىن گۈللىنىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تۈر مەبلىغى ئاجرىتىپ، پايتەخت بېيجىڭدا خوتەن قەغىزىگە سىزىلغان جۇڭگوچە رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئېچىپ، خوتەن قەغىزىنىڭ ئابرۇيىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگوچە رەسىم سىزىدىغان رەسساملار، خەتتاتلار خوتەن قەغەزنى قايتىدىن ئىشلىتىشكە باشلىدى، شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر خوتەن قەغىزىنى قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمى ئورنىدا سېتىۋالىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

خوتەن قەغىزى ئۈجمە قوۋزىقىنى ماتېرىيال قىلغاچقا، بۇ جەھەتتە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئەنئەنىۋى قەغەزچىلىكتىن روشەن پەرقلىنىدۇ، خوتەن قەغىزىنىڭ ئوردا مەكتۇپلىرى ۋە پۇل بېسىشقا ئىشلىتىلىشىدىن، ئۇنىڭ سۈپىتى ۋە ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نەقەدەر ئىلغارلىقىنى بىلىۋالالايمىز .

خوتەن قەغىزىگە ئاق ئۈجمە قوۋزىقى ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئاق ئۈجمە قوۋزىقى ئېلاستىك، تالاسى پارقىراق ۋە ئىنچىكە، پىششىقلاپ ئىشلەش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. قەغەز ياساشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئاق ئۈجمە شېخى سۇغا چىلىنىپ نەملىنىدۇ، ئاندىن سىرتقى يۈزىدىكى قېنىق رەڭلىك قوۋزىقى سويۇلىدۇ، پىچاق بىلەن ئاق ئۈجمە قوۋزىقىنىڭ سىرتقى پوستىنى ئايرىۋېتىپ، قالغان ئاق رەڭلىك قوۋزاق قەۋىتى قەغەزنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

ئۈجمە قوۋزىقىدىن قەغەز ئىشلەش بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان بىر ھۈنەر ـ سەنئەت جەريانى بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى ئاقلىۋالىمىز، ئاقلىۋالغاندىن كېيىن سۇ كۆلچىكىگە سېلىپ ئىككى ھەپتە نەمدەپ ئۇنى يۇمشىتىمىز، يۇمشىغاندىن كېيىن سۇدىن ئېلىپ كالتەك بىلەن ئۇرۇپ يانجىيمىز، ئاندىن ئۇنى يەنە سۇ كۆلچىكىگە سېلىپ نەمدەيمىز، ئاخىرىدا ئۇ شىلىمشىمان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قايناتقاچ بىر تەرەپتىن كالتەك بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئادەتتە قاينىتىش ۋاقتى ئاز دېگەندىمۇ ئىككى سائەت بولىدۇ، ئۈجمە قوۋزىقى قايناپ پىشىپ يۇمشىغىچە قاينىتىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قايناپ پىشۇرۇلغان ئۈجمە قوۋزىقى قولدا قايتا ـ قايتا قىسىپ يانجىلىدۇ، قىسىپ يانجىش جەريانى بەلگىلىك كۈچ تەلەپ قىلىدۇ، قىسىپ يانجىپ تەييارلىغان ئۈجمە قوۋزىقىنى بىر تۆت چاسا شەكىللىك يېنىك تاش تاختا ئۈستىگە قويۇپ، بىر خىل سېپى قىسقا، بېشى ئۇزۇن ياغاچ بولقا بىلەن ئۈجمە قوۋزىقى ئۇرۇپ يانجىلىدۇ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ بىر تەرەپتىن يانجىپ، ئۈجمە قوۋزىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لايىسمان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، قوۋزاقنى لايىسمان ھالەتكە كەلتۈرۈشكە يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ، ئاندىن لايىسمان ھالەتكە كەلگەن قوۋزاقنى بىر قېتىم سوغىغا سېلىپ سوغىنىڭ ئاستى تەرىپىدە ياغاچتىن ياسالغان قوشۇق شەكىللىك ئارىلاشتۇرۇش تايىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ تىلىمىزدا «پوقوق» دەپ ئاتىلىدۇ، يېرىم سائەتكە يېقىن توختىماي ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدا يەنە توختىماي سۇ قۇيۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سوغىدىكى ئۈجمە قوۋزىقى لاتقىسى قەغەز بوتقىسىغا ئايلىنىدۇ. توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ، قەغەز بوتقىسىنى قېلىپقا تەكشى قويۇپ، قەغەز بوتقىسىنى تەكشى يېيىتقاندىن كېيىن، قېلىپنى سىلىق ئېلىپ سۇ كۆلچىكىگە سېلىپ چايقاپ ئالغاندىن كېيىن، قېلىپ قۇياش نۇرى ياخشى چۈشىدىغان يەرگە قويۇپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتتا، بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بولسا كۇپايە، ھاۋا تۇتۇق ۋاقىتتا نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، قېلىپتىكى قەغەز بوتقىسى قۇرۇغاندىن كېيىن، بىر پارچە قەغەز ياسىلىپ چىقىلىدۇ، بارلىق ياساش باسقۇچىنىڭ ھەممىسى قولدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلىدۇ.

خوتەن قەغىزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاساسەن 90×60، 60×50، 45×40 لىق ئۆلچەمدە بولىدۇ. يەنە ئېھتىياجغا قاراپ بۇيرۇتسىمۇ بولىدۇ.

بۇ قەغەزنىڭ رەڭگى سارغۇچ، تالالىرى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ. ئۇششاق ئارىلاشما ماددىلار بولغاچقا ئانچە سۈزۈك بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى چىدامچان، ئېلاستىكىلىقى ياخشى، يۇمشاق، سۈزۈلۈشچانلىقى يۇقىرى، يىرتىلىپ كەتمەيدۇ، زەھەرسىز، سۇ سۈمۈرۈشچان، ئۈستىگە خەت يازسا يېيىلىپ كەتمەيدۇ، قاتلىشىپ كەتسىمۇ تۈزلەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، قاشتېشى سۈركەپ پاتلانغاندىن كېيىن يۈزى سىلىقلىشىدۇ. ئۇنىڭغا ھەرقانداق قەلەم بىلەن خەت ياكى رەسىم سىزغاندا رەڭ يېيىلمايدۇ، ئۇزاق يىللارغىچە رەڭگى ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ، قۇرت يېمەيدۇ، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ.

خوتەن قەغىزى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ساقلىنىپ داۋام ئېتىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇ خوتەننىڭ تارىخىنى بىلىشتىكى بىر خىل جانلىق شەكلى ۋە ۋاستىسىدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ چېۋەر ماھارىتى ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئەھۋاللىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىنى، تۇرمۇشىنى ۋە مەنتىقىلىق قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جانلىق خاتىرىدۇر، شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي شەكىللىرى، تەبىئىي مۇھىت، دىنىي ـ ئېتىقاد قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋاللىرىمۇ ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. خوتەن قەغىزىنى ياساش سەنئىتىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر، ئۇنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى قىممىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11 ـ نومۇر ۋەنگو سارىيى 10 ـ قەۋەت (شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى تەتقىقات بۆلۈمىدە)

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تەۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا

**ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن**

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**2. «يەتتە» مۇقەددەسلىكى**

«يەتتە» ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس سان چۈشەنچىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم سان بولۇپ، پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «يەتتە»نىڭ ئەڭ دەسلەپ خاسىيەتلىك سان تۈسىگە كىرىش ئاساسىنى يەنىلا قەدىمكى ئالتاي قوۋملىرىنىڭ كۆككە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك ئېڭىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. قەدىمكى ئالتاي ئەپسانىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك تەڭرىسى (كۈن) (قۇياش) بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتاي تىلىدا يەنە «ئۆلۈگون تەڭرى» دەپ مەخسۇس ئىسمىمۇ بولغان A. ئانوخىن تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان بۇ ھەقتىكى ئەپسانىگە قارىغاندا، «ئۆلۈگون»، (ئۆلگىن، ئۆلاكۈن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۈركىي تىلدا «بۈيۈك»، «ئۇلۇغ»، «چوڭ» مەنىلىرىنى بېرىدۇ) قۇياش بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدا ياشارمىش، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە توسۇق بارمىش (يەتتە قات ئاسمان - ئا) بۇ توسۇقلار ئەركەك قام كەلگەندە ئېچىلارمىش. 7-توسۇق تۆمۈر قوزۇق (قۇتۇپ يۇلتۇزى)قا تۇتىشىدىكەن. ‹ئۆلۈگون›نىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن، ئوغۇللىرىنىڭ نامى قاراشىت، بوغراخان، يېشىلخان، بۇرچاخان، قاراقۇش (قارتال)، بەختىخان، ئەركانىم دەپمۇ ئاتىلىدىكەن» (ئا. ئىنان: «قەدىمكى تۈرك دىنىي تارىخى»، ئىستانبول، 1976 - يىل، تۈركچە نەشرى، 20 -، 22 - بەتلەر.) بۇ ئەپسانىدە تىلغا ئېلىنغان يەتتە ئوغۇلنىڭ نامى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادى زاكاۋىتى سانالغان «يەتتە يۇلتۇز» (يەتتە سەييارە) ئېتىقادىنى ئىنكاس قىلامدۇ قانداق؟ بىزنىڭچە شۇنداق دەپ قارايمىز، كۆك ئاسمانىنى يېپىنچا، قارا تۇپراقنى سېلىنچا قىلىپ ئۇزاق مۇددەت ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



بىلەن ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز كەڭ تەبىئەت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە ئەڭ بۇرۇن يەتتە سەييارىنى بايقاپ، ئۇنى «ئالەمنىڭ نىگىزى» دەپ تونۇپ، ئەلاھلاشتۇردى. تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ «يەتتە ئىلاھ» (يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى - «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج بايانىدا» ناملىق 5 - بابىدا يەتتە يۇلتۇزنىڭ نامى ۋە بۇرجلۇق ئورنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن - ئا) قارىشى تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «يەتتە»نى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئېتىقادىنى پەيدا قىلدى.

سىرلىق مەنىگە ئىگە «يەتتە»نىڭ تېخىمۇ مۇقىم مۇقەددەس سان تۈسىگە كىرىشىنى يەنە بىر تەرەپتىن پارسلارنىڭ زارۇ ئاستېر دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى پارسلاردىكى مۇقەددەس سان - «يەتتە» چۈشەنچىسى دەۋر جەھەتتىن نىسبەتەن قەدىمىي بولۇپ، زارۇ ئاستېرىزىم دەۋرىدىكى ئىران مىفولوگىيە سىستېمىسىدا بارلىققا كەلگەن يەتتە ئىلاھ (قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى - مېترا، شاد - خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى — ناخىت، بەخت ۋە دۆلەت خۇداسى — ھوما، سۇ خۇداسى — ئاناخىتا ۋە خوببى، ئۇرۇش ۋە غەلىبە خۇداسى — مىرىخ، ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك خۇداسى — كيۇمارس، باتۇرلۇق خۇداسى — يىما (جەمشە)قا بولغان يۈكسەك ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

ھىندى مەدەنىيىتىدىمۇ «يەتتە» سانى خېلى بۇرۇنلا مۇقەددەس سان خاراكتېرىگە ئىگە سىرلىق سان كاتېگورىيەسىگە كىرگەن. ھىندى مەدەنىيىتىدىكى بۇ چۈشەنچە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىر، ئىككى ئەسىرلەردە ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى ئېتىكىدىن دىھلى دەريا ۋادىلىرىغا سىلجىپ 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق (ھىندىستان)نى ئىشغال قىلغان ئارىيان قوۋملىرىنىڭ «يەتتە قۇتۇپ يۇلتۇز» چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە «يەتتە»نىڭ خاسىيەتلىك تۈسى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىدە تېخىمۇ تاكامۇللاشتى. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن بىللە بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

تەتقىقاتچى ئىلتېكىن ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس سان «يەتتە»» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: ئۇيغۇرلاردىكى «يەتتە»نى مۇقەددەس بىلىشنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ھازىرغىچە مۇنداق ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت:

بىرىنچىسى، «زارۇئاستېر دىنى»دىن مەيدانغا كەلگەن، دېگەن قاراش: «يەتتە»نى مۇقەددەس بىلىش ئالدى بىلەن «زارۇئاستېر دىنى» مەدەنىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە مانى دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا كىرگەن. پارسلاردىكى «يەتتە» مۇقەددەسچىلىكى چۈشەنچىسى ئىران ئەپسانە سىستېمىسىدىكى «يەتتە خۇدا» (قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مىترا، شاد - خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى — ناخت، بەخت - تەلەي ۋە دۆلەت خۇداسى — ھوما، سودا خۇداسى — ئاناختىشا ۋە خۇيى، ئۇرۇش ۋە غەلىبە خۇداسى — مىررىخ، ياخشىلىق خۇداسى — كيۇ مارس، باتۇرلۇق خۇداسى — يىما)غا بولغان ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، بۇ نۇقتىدا «يەتتە» ئەنە شۇ «يەتتە» خۇدانىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۇيغۇرلاردىكى «يەتتە» مۇقەددەسچىلىك قارىشى ھىندىلاردىن كىرگەن، دېگەن قاراش: «ھىندى مەدەنىيىتىدىمۇ (يەتتە) سانى خېلى بالدۇرلا مۇقەددەس سان كاتېگورىيەسىگە كىرگەن. ھىندى يۇلتۇزنى ئۇلۇغلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مىلادى I ئەسىردە غەربىي يۇرتقا كىرگەن بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى بۇ خىل مەدەنىيەتنىمۇ بىللە ئېلىپ كىرگەن.»

ئۈچىنچىسى، «يەتتە»نى مۇقەددەس بىلىش شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېگەن قاراش؛ «شامان دىنى دەۋرىدە خاسىيەتلىك تۈس ئېلىپ بولغان (يەتتە) مانى دىنى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى بۇددا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ (يەتتە)گە بولغان مايىللىقى، ئېتىقادىنى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆتۈردى.» بۇ قاراشتىكىلەر ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئالتاي شامانىسلىرىنىڭ ئېپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدا مەيدانغا كەلگەن «ئۇلۇگۈن تەڭرىسى رىۋايىتى»نى، يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج توغرىسىدا» دېگەن مەخسۇس سەھىپىنى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى شامان دىنى ساقىندىلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان بۇ ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پاكىتلارنى

مىسال كەلتۈرىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك قاراش ئىچىدە 3-خىل قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، چۈنكى شامان دىنىدا كۆك تەڭرى، بولۇپمۇ قۇياش ناھايىتى ئۇلۇغلىناتتى. «يەتتە»نى مۇقەددەس بىلىشمۇ قۇياشنىڭ ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئېتىقادنىڭ شامان دىنىدا بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. يەنى «يەتتە»نى مۇقەددەس بىلىش شامان دىنى مەدەنىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن.(ئىلتىكىن: «مۇقەددەس سان ‹ يەتتە›»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 1 - سانىغا قاراڭ)

«يەتتە» بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بىر قىسىم ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى خاتىرىلەردە (يەتتە)نىڭ سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ» (ئا. رەھمان، ھەمدۇللا، ش. خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل نەشرى، 167-بەت) دەپ يېزىلغان. ئەمما مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى «يەتتە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز-جۈملىلەر يۇقىرىقى قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: ئورمانلىق ۋە تاغ-داللاردا قالغانلىرى يىغىلىپ 700 بولدى. بۇ 700 كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى قوشۇن ئۇلۇغ شاد ئىدى (غەرب تەرەپ 4 - ، 5 - قۇر) ئىلتەرىش خاقان دانا، باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن 17 قېتىم ئۇرۇش قىلدى. قىتانلار بىلەن يەتتە قېتىم سوقۇشتى (غەرب تەرەپ 49-قۇر) قاپاغان خاقان 27 ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان خانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم (غەرب تەرەپ 51-قۇر).

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ توپلىغان كىشى 700 بوپتۇ، 700 كىشى بولغاندىن كېيىن... (شەرق تەرەپ 12 - قۇر) ئۇ 47 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ (شەرق تەرەپ 15-قۇر) ئىنىم كۆلتېگىن يەتتە ياشتا ئىدى (شەرق تەرەپ 30-قۇر) كۆلتېگىن 27 يېشىدا، قارلۇقلار ئۆزگە خوجا بولدى ۋە (بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى (شىمال تەرەپ 1-قۇر) قوشۇن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، 7-ئەرنى قىلىچلىدى (شىمال تەرەپ 5-قۇر) كۆلتېگىن قوي يىلىنىڭ 17-كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، 9-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق. قەبرىسى، نەقىشى، تاش پۈتۈكى (تاش مۇنار) مايمۇن يىلى 7-ئاينىڭ 27-كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى، كۆلتېگىن47 يىل ئۆمۈر كۆردى (شەرقىي-شىمال تەرەپ).

«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى بايانلار: شەرقتىن غەربكىچە توپلىغان كىشى 700 بوپتۇ. 700 كىشى بولغاندىن كېيىن... (شەرقىي يۈزى) ئۇ 47 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ (شەرقىي يۈزى) 17 يېشىمدا تاڭغۇتقا قوشۇن ئەۋەتتىم (شەرقىي يۈزى 24 - قۇر) 27 يېشىمدا قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدىم (شەرقىي يۈزى 26-قۇر) 1-كۈنى تابغاچنىڭ 17 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى يوقاتتىم (جەنۇب تەرەپ 1-قۇر) توڭگۇز يىلى 5 - ئاينىڭ 27-كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق (جەنۇب تەرەپ 10-قۇر) يەتتە كېچە-كۈندۈزلەپ مەن سۇسىز (چۆللەرنى) كېسىپ ئۆتۈپ چوراققا يېتىپ باردىم (شەرقىي-جەنۇبىي يۈزى).

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»دىكى بايانلار:

«ياخشى كۆڭۈللۈك تېگىننى دېڭىزغا ئۇزىتىپ قويدى، ئۇلار دېڭىزغا يېتىپ كېلىپ يەتتە كۈن كېمە ياسىدى، يەتتە تۆمۈر قۇلۇپ بىلەن كېمىنى سولاپ توختاتتى. 7-كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا...»، «... 7- كۈنى قۇلۇبنى ئېچىپ زەنجىرنى يەشتى... يەتتە كۈن ئۇ يەردە تۇردى... 7-كۈنى ئاجايىپ ئېسىل ئەردەنى ئۇنچىلەرنى كېمىگە توشقۇزۇپ قاچىلىدى»، «يول باشلىغۇچى بوۋاينىڭ قولىدىن يېتىلەپ، يەتتە كۈن گېلىغىچە كېلىدىغان سۇ ئىچىپ يۈرۈپ كۈمۈشلۈك ئارالغا يېتىپ كەلدى»، «... يەتتە كۈن بۇ يەردە تۇرۇڭ، بىزگە نوم سۆزلەپ بېرىڭ...»، «... 7-كۈنى ئەردەنى گۆھەرنى ئېلىپ كېتىڭ... ياخشى كۆڭۈللۈك تېگىن يەتتە كۈن بۇلارنىڭ كۈتۈۋېلىشىدا بولدى، 7-كۈنى ئەجدىھا پادىشاھى... ئەردەنى گۆھەرنى ئېلىپ بەردى».

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇرپان - ئىدىقۇت ۋەسىقىلىرى»دىكى بايانلار:

يەتتە ئاچا - سىڭىل تەگرىلەر ‹كۈنقۇرنىڭ قۇل ئازاد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىش ۋەسىيەتنامىسى› يەتتە ھەيكەل ئېلىپ كەلگىن (دېدىم) ‹ھەيكەل سېتىۋېلىش ھۆججىتى› ... چىڭۋۇغا يەتتە سىتىر بەردۇق، ... يەنە باباقدىكى سامان ياپىغىدىن يەتتە پارچە تورقۇنى خالتا قىلىپ ئەۋەتتى ‹توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى ھۆججىتى› ... كۆزدە يەتتە يۆگەم بۆز قايتۇرىمەن ‹بۆز ئارىيەت ئېلىش تىلخېتى› ... يەتتە پارچە ئاق رەڭلىك تارتا كۆرپە، ياغاچتىن ياسالغان يەتتە چادىلىق ‹قارانچۇقنىڭ ۋەسىيىتى› كۆزنىڭ دەسلىپىدە ئۇلارنى يەتتە تاڭ كېۋەز ئېلىشقا بۇيرۇيمەن ‹ئەمگەكچى يالالاش كېلىشىمىگە ئائىت ھۆججەت› ... سىندىدىن يەتتە سىتىر بەش باقىر كۈمۈش،... ‹كۈمۈش يىغىشقا ئائىت ھۆججەت› يۇقىرىقى ئۈستەڭ بىلەن سۇغۇرىلىدىغان يەتتە شىق (دادەنلىك دەپ) ئاتالغان يەمكىچى (ئاشلىق ئىككىلىدىغان) يېرىمىزنى قۇتادمىشقا مۇۋاپىق - لايىقىدا ساتتۇق ‹يەر سېتىش ھەققىدىكى ھۆججەت›.

«ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى»دىكى بايانلار:

ئىگەرنىڭ ئىككى تېغىق شايى توقۇلمىسىنى يەتتە باقىرغا ئالدۇق، چىنگۇدىن ئۆسۈمى يەتتە سىتىر بولغان سەككىز سىق تېرىقنى قەرزگە ئالدۇق، چىنكۇغا يەتتە سىتىر قايتۇردۇق، قەرزنى قايتۇرالماي ئۆسۈمگە ئۆسۈم قېتىلىپ، جەمئىي يەتتە ياستۇق 30 سىتىر بولدى، باباقدىكى سامان ياپىغىدىن يەتتە پارچە شايى رەخت ئېلىپ كەلدى ‹ 1 - ھۆججەت›... ناۋادا ئۇ كەلگەن ۋاقىتتا: ‹سەن يەتتە كۈرە تېرىقنى ئالىپ توغرۇلغا قايتۇرۇپ بەرگىن› دېسە، مەن ئىنانچى قوي يىلىدىن بۇيانقى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىمەن ‹ 5 - ھۆججەت›.

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى»دىكى بايانلار:

دېڭىزغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن يەتتە كۈن تۇرۇپ كېمە ياسىدى، يەتتە تۆمۈر قۇلۇپ بىلەن كېمىلەرنى قۇلۇپلاپ قويدى، 7 - كۈنى تاڭ ئاتقاندا...، ھېچكىم ئۈندىمىگەندىن كېيىن تۆمۈر قۇلۇپنى ئاچتى، يەتتە كۈن ئۇ يەردە دەم ئالدى، 7 - كۈنى ئاجايىپ (ئېسىل) گۆھەر - مەرۋايىتلارنى...، بوغۇزىغىچە سۇدا يەتتە كۈن مېڭىپ كۈمۈشلۈك ئارال تاغقا يېتىپ كەلدى، ئۇ ئوردا ئەتراپىدىكى يەتتە قات خەندەك ئىچىدە زەھەرلىك ئەجدىھالار، ئىلانلار ياتىدۇ، بۇ يەردە يەتتە كۈن تۇرۇڭ، 7 - كۈنى ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ قايتىڭ. ئاق نىيەت تېگىن يەتتە كۈن ئەجدىھالار خانىنىڭ ھۆرمەتلەپ - قەدىرلەپ كۈتۈشىدىن بەھرىمەن بولدى ‹ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى› مېنىڭ سەپەر خالتامدا 200 توپ قىزىل رەڭلىك قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇمى ۋە يەتتە توپ ئاق رەڭلىك قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇمى... بار ‹قوي ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ھۆججىتى› بارلىق جەڭچىلەر ھەر كۈنى بىزنىڭ خاقانىمىز ئۈچۈن جەڭگە بارىدۇ دېگەنلىك، ئۇنىڭ 70 تۈمەن ئەسكىرىگە قۇتلۇق بولسۇن دېگەنلىكتۇر. ‹يوخان تەرىپىدىن يېزىلغان نەزىم›.

«يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى»دىكى بايانلار:

مەزكۇر ھۆججەت ھىجرىيە 483 - يىلى قۇتلۇق رەجەپ ئېيى (ھىجرىيە 7 - ئاي)دا پۈتۈلدى ... ‹ئوسماننىڭ يەر سېتىش ھۆججىتى›.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەڭگۈ تاشلار 8 - ئەسىرلەردە ئورنىتىلغان. ئىسلام دىنى بولسا 10 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئەمما ئاشۇ مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن باشقا ۋەسىقىلىرىمىزدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان مۇقەددەسلىكى ئېڭىدىكى «يەتتە»گە دائىر كۆپلىگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. شۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، «يەتتە» ئۇلۇغلۇقى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنى تەسىرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن.

ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزدە ئىسرىق سالغاندا يەتتە ئۆيدىن يەتتە نەرسە تىلەش، ئىسرىق سېلىپ بولغاندىن كېيىن، بوسۇغىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن يەتتە چىمدىمدىن توپا ئېلىپ ئىسرىققا سېلىش، ئوت كۆچۈرۈشتە يەتتە ئۆيدىن بىر بۇردىدىن نان ياكى بىر سىقىمدىن تەمەچ تېرىپ كېلىپ ئاغرىقنىڭ باش - ئاخىرىدىن يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇش، چاپاننىڭ بىر يېڭىنى ساپماي، ئىشتاننىڭ بىر چاپىقىنى كەيمەي يەتتە قەدەم ماڭساق يامان بولىدۇ دەپ قاراش، بالا تۇغۇلۇپ 3 - كۈنى ئىسىم قويۇش (ھازىر بالا تۇغۇلۇپ 3 - كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ)، بالىلارنىڭ قىرقى چېچى چۈشۈرۈلگەندە، ھاللىق ئائىلىلەردە بىر قوي

2016.5

سويۇپ، ئۇنى يەتتە پارچە قىلىپ، يەتتە كەمبەغەلگە تار-
قىتىپ بېرىش، مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا، ئۆي ئىگىسى
ئالدى بىلەن يەتتە كەتمەن توپا تاشلاش، مېيىتنى دەپنە
قىلىپ، يەتتە كۈن ئىچىدە قەبرە قاتۇرۇپ بولۇش، مېيىت
چىقىرىلغان ئۆيدە يەتتە كۈن چىراغ يېقىش، يەتتىنچى
كۈنى چىراغنى ئۆچۈرۈش... قاتارلىقلار «يەتتە» مۇقەد-
دەسچىلىكىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزدە ئىپادىلىنىشىدۇر.
«يەتتە» مۇقەددەسچىلىكى بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىمىزدى-
مۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ماقال - تەمسى-
لەردە «سۇ يەتتە يۇمىلىسا ھالال»، «يېتىمنىڭ قارنى
يەتتە»، «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپ-
تۇ»، «ئىنسابسىزنى بىر قېتىم ئۇتالا دېسە، يەتتە قېتىم
ئۇتلاپتۇ»، «يەتتە موماي بىر يەرگە كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ
دەرمانسىزلىقىنى ئېيتار»، «بىلىمدان كىشىنىڭ يەتتە - يەت-
تىدىن ھەمراھى بار»، «ماكانىدىن ئايرىلغاندا يەتتە يىل
قونالغۇ يوق»، «يەتتە دەۋرىش بىر گىلەمگە سىغىشمۇ،
ئىككى پادىشاھ بىر ئەلگە سىغمايدۇ»... ئۇيغۇر خەلق
چۆچەكلىرىدىمۇ «يەتتە» مۇقەددەسچىلىكىگە ئائىت بايان-
لار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «يەتتە باشلىق يالماۋۇز»،
«يەتتە پايا ۋە قار مەلىكە»، «يەتتە ئاشىق - مەشۇق»،
«يەتتە باتۇر»، «يەتتە مەلىكە»، «يەتتە ئىقلىم، يەتتە
تاغنىڭ نېرىسىدا، يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە، يەتتە
كېچە - كۈندۈز، يەتتە قەۋەت ئاسمان، يەتتە كۈنلۈك
يول» ... دېگەندەك.

ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىمۇ مۇقەددەس سان
«يەتتە» ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «شىراق رى-
ۋايىتى» دە، باتۇر شىراق ئۆز خەلقىنى ئىران باسمىچىلى-
رىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاق-
لىرىنى كېسىپ، ئىران ئەسكەرلىرىگە يالغاندىن ماسلىشىپ،
«ئۆز قەۋمىنى»نى يوقاتماقچى بولىدۇ ۋە ئۇلارنى يەتتە
كۈنلۈك سۇ بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ يولغا چىقىپ،
چۆللۈككە باشلاپ بېرىپ، يەتتە كۈن يول ماڭغاندىن
كېيىن، ئىران ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر تەرەپ-
كە يەتتە كۈنلۈك يول، قاياقا بارساڭلا ھالاك بولىسىلەر،
مەن ئۆزۈم يالغۇز پۈتۈن ئىران ئەسكەرلىرىنى
يەڭدىم.»... «ئەفدان ۋە توققۇز قىز ئەپسانىسى»دە
مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «باتۇر چىن خاقانى چۈشىدە
رۇم ئېلىنىڭ ۋەزىرى ئۆز خاقانىدىن چىن خاقانىنى يوق-
تىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، توققۇز
ئوغلىنى چاقىرىپ، ئەڭ ئالدىدا 7000 ئاق ئات، ئاندىن
7000 چىلانتورۇق ئات، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 7000 قوڭۇر
ئاتلىق، ئەڭ ئاخىرىدا 7000 قارا ئاتلىق قوشۇن بىلەن
ھۇجۇم باشلاپتۇ.» ... بۇ ئەپساندا تىلغا ئېلىنغان
«7000» ئەمەلىيەتتە «يەتتە»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدە ئىستې-
مال قىلىنىشى بولۇپ، قوشۇننىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىكلىك-
نى كۆرسىتىپ بەرگەن.

قىسقىسى، «يەتتە» مۇقەددەسلىكى خەلقىمىزنىڭ
ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا ئىزچىلل-
قىنى ساقلاپ كەلگەن ئېتىقاد ئادىتى بولۇپ، بۇ ئادەت
ھەرقايسى يۇرت خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىدا روشەن
ئىپادىسىنى تاپقان. تۆۋەندە بىز «لوپنۇر خەلق ئېغىز ئە-
دەبىياتى جەۋھەرلىرى»دىكى چۆچەكلەردە خاتىرىلەنگەن
خاسىيەتلىك سان «يەتتە»گە دائىر بايانلار ئۈستىدە توخ-
تىلىپ ئۆتىمىز:

«قەلەمتىراش»: «كۆيۈئوغلى پادىشاھنى ئۇ يەرگە
تەكلىپ قىلىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز مېھمان قىپتۇ» (33 -
بەت)، «مەن سىلەرنى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە كىرگۈ-
زۈۋېتىمەن» (38 - بەت). «پاچاق قۇلى»: «كەنجى
ئوغلى بولسا ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەنىكەن»، «شۇ زا-
ماندىكى يەتتە باتۇرنىڭ بىرسى ئىكەن» (45 - بەت)،
«سەن دۇنيادىكى يەتتە باتۇرنىڭ بىرسەن» (46 - بەت)،
«يەتتىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە يالماۋۇز: — ھەي
كىمسەن، كىم ئويغاق؟ — دەپ چاقىرىپتۇ» (47 - بەت)،
«مەن دۇنيادىكى يەتتە باتۇرنىڭ بىرىمەن» (48 - بەت)،
«يەتتە قورسىقىڭ بارمۇ، نېمىشقا تويمايسەن؟»، «مەن
دۇنيادىكى يەتتە باتۇرنىڭ بىرسى. قالغانلىرىدا بىردىن
قورساق بولسا، مەندە يەتتە قورساق بار»، «يەتتە
تۈگمەن تېشىنى ئەكېلىپ ئۈستىگە باسۇرۇپتۇ. يالماۋۇز
قۇدۇق ئىچىدە يەتتە كېچە - كۈندۈز كۆيۈپ كۈلگە ئايلى-
نىپتۇ» (49 - بەت). «ئالا كۈن باتۇر»: «يەتتە ياشقىمۇ
كىرىپتۇ» (51 - بەت). «ئېيىق باتۇر»: «ئۇلار مېڭىپ
يەتتە كۈن بولغاندا چوڭ بىر دەريا ياقىسىغا يېتىپ
كەپتۇ» (59 - بەت)، «ئاردىن يەتتە يىل ئۆتۈپ ئېيىق
باتۇر يەتتە ياشقا كىرىپتۇ»، «ئاغزىغا يەتتە پاتمانلىق

تۈگمەن تېشىنى تاشلاپ، پۈتۈن يۇرت يەتتە كۈن بېسىپ يېتىپتۇ» (62 ـ بەت). «شاھزادە بىلەن بىر جۈپ مەلىكە»: «شۇ ماڭغانچە يەتتە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر قاراڭغۇ ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ» (63 ـ بەت). «گۈلجامال»: «ئۆزى يەتتە تال چىۋىقنى ئېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ» (72 ـ بەت). «كەنناسىر»: «بالا توغۇلۇپ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن...» (76 ـ بەت)، «ئۇستاڭنىڭ يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدە 70 ئېغىلى، 70 ئېغىلنىڭ يەتتە ئېغىلدا ئۈچ ئارغىمقى بار»، «شۇنداق تۆپىگە قارىساڭ يەتتە يىرىگە گۆھەر قويغان كالاچ كەيگەن بىر پۇت كېلىدۇ» (78 ـ بەت)، «يەتتە يەرگە گۆھەر قويغان كالاچنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ يەتتە قات كۆرپە سېلىپ ئۈستىدە ئۆزى يانپاشلاپ يېتىپتۇ»، «كالاچنى تويىغا تاشلاپ قويۇپ ئۆزى يەتتە قات كۆرپە ئۈستىدە ئارام ئېلىۋاتقان»، «يەتتە قات ئۆتۈك كىيگەن» (80 ـ بەت). «مەلىكە ئايتىللا بىلەن شاھزادە رەۋەيدۇللا»: «ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ» (85 ـ بەت)، «رەھمدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار»: «بىر كۈنى مەلىكە گۆش پىشۇرۇپ ئولتۇرسا، بىر يەتتە باشلىق يالماۋۇز كېلىپ، مەلىكىنىڭ بارمىقىدىن قېنىنى شوراپ كېتىپتۇ»، «بۇنى ئاڭلاپ ئەنۋەر يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈش خىيالىغا كەپتۇ»، «يەتتە باشلىق يالماۋۇز كېلىشى بىلەنلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ» (101 ـ بەت)، «تايغان نېمە ۋاپا قىلدى، گۈلخان نېمە جاپا قىلدى؟»: «ئۇ ئادەم بارىدىغان يەر ئەمەس، يەتتە دوزاخنىڭ بىرى» (105 ـ بەت)، «ھەمراخان»: «يەتتە باللىق بولغان بىر خوتۇننىڭ ئەڭ كىچىك قىزىنى تاللاپ...»، «بۇ قىز ئانىسىنىڭ 7-بالىسى ئىكەن» (113 ـ بەت)، «يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان جامائەتنى يولنىڭ ياقىسىغا تىزىلىڭ» (119 ـ بەت). «قىسمەت»: «بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ»، «بالا 17 ياشقىچە ئۆلىمانىڭ قولىدا ئوقۇپ، تولغان موللا بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ» (123 ـ بەت). «روزى بۆزچى»: «مەن يەتتە يىللىق قارىغۇ» (128 ـ بەت)، «ئاتام ئۆلۈپ قالغىلى يەتتە يىل بولدى» (130 ـ بەت)، «مەدىكار ئۈچىنچىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ يەتتە پارچە قىلىپ چاناپ، تېگىگە ۋە تۆپىگە كۆپلەپ تىكەن بېسىپ كۆمۈۋېتىپتۇ» (131 ـ بەت). «ئەقىللىق خوتۇن»: «يەتتە كۈنگىچە چىراغ يېقىلمىسۇن» (136 ـ بەت). «مىڭكۇ باتۇر»: «ئۇ مىنىڭدەك پادىشاھتىن 47 پادىشاھنىڭ ئۈستىدىكى پادىشاھ» (142 ـ بەت)، «ئۇ بۇ چۆلدە ئوقيا بىلەن جەرەن، كىيىك ئېتىپ يەپ يەتتە يىل كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ» (143 ـ بەت)، «يەتتە شەھەرگە داڭقى كېتىپتۇ»، «يەتتە ياشقا كىرگەندە تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ، كېسىلىگە ھېچ نەرسە داۋا بولماپتۇ» (144 ـ بەت)، «ئەمدىلا تېخى يەتتە ياشقا كىرىپ»، «يەتتە ياشلىق بۇ بالىغا رەھىم قىلمىسىلا بولامدۇ» (145 ـ بەت)، «مىڭكۇ يەتتە ئېغىزدىن ئۆتۈپ ئالتۇندا سىرلانغان بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ» (146 ـ بەت)، «شۇ كىشىنىڭ ئورۇق ئەۋلادىدىن 70 پۇشتىغىچىلىك قۇرۇتۇپ تاشلايمەن» (147 ـ بەت)، «يەتتە قات زېمىن كۆرۈنىدىكەن»، «تۆت ئايدىن بۇيان يەتتە ئىقلىمدىن سانسىز باتۇر، سانسىز چەۋەندازلار كېلىپ، ئەجدىھاغا يەم بولۇپ كەتتى»، «ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ، بىر تەرىپى يەتتە دەريا، ئۈچ تاغنى بېسىپ، يەنە بىر تەرىپى شەھەرنىڭ يېرىمىنى بېسىپ، نەچچە جىلغا ئورماندىن ئارتىلىپ چۈشۈپ يېقىلىپتۇ» (148 ـ بەت)، «يەتتە تاغنى 40 كۈندە بېسىپ، ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ» (150 ـ بەت)، «يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا قىزىم يوقاپ كېتىپ، تا ھازىرغىچە تېپىلمىدى» (151 ـ بەت)، «ئۇنىڭ پارچىسى يەتتە دەريا، 72 تاغنى بېسىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ»، «بادرات تاز بالىسىنى يەتتە ياش ۋاقتىدا ئاستىنقى ئالەمگە ئېلىپ چۈشۈپ يوشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ھازىر 30 ياشقا كىردى. يەتتە يىل ئىلگىرى بارات تاز ئاستىنقى ئالەمدىن بىر مەلىكىنى ئېلىپ چىقىپ بۇ يەردە ساقلاۋاتىدۇ» (152 ـ بەت)، «ئۇنىڭ 47 مىڭ تۇغ لەشكىرى، بىر قانچە 100 ئاجايىپ باتۇرى، 7000 كىشىلىك مەخسۇس نۆكىرى بار»، «مىڭكۇ باتۇرغا 7000 نۆكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئادەمنى بارات تاز دەپ كۆرسىتىپتۇ»، «ئېيىق باتۇرۇڭ ئاللىقاچان ئىككى پارچە بولۇپ يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا ياتىدۇ»، «سېپىل ئۈستىدىكى 7000 نۆكەر مىڭكۇ باتۇرغا ئېتىلىپ كېلىشىپتۇ»، «7000 نۆكەرنى يەر چىشلىتىپتۇ»، «ئۈستۈنكى ئالەم پادىشاھىنىڭ يەتتە قات ئوردىسى بولۇپ...» (153 ـ بەت)، «مەن سېنىڭ 7000 لەشكىرىڭ، 40 دىۋە سۈپەت باتۇرۇڭ ھەم ئېيىق

باتۇرۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم» (154 ـ بەت)، «ئىككى ئۈچ يىلدىن بۇيان نەلەردە يۈردۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ دەردىڭلاردا يەتتە ئىقلىم، 18 مىڭ ئالەمنى كېزىپ يىغلاپ بىر كۆزۈمنىڭ نۇرى ئۆچتى» (155 ـ بەت)، «ئۇ 70 پاتمانلىق گۈرزىسىنى ئېلىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ» (158 ـ بەت)، «بۇ بايغا قول بولۇپ يەتتە ئاي ئىشلىدىم» (160 ـ بەت)، «يەتتە تىللا قەرزى بار»، «مەڭكۈ باتۇر يېنىدىن يەتتە تىللانى چىقىرىپ بايغا بېرىپتۇ»، «ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا بىر ئەجدىھا، يەتتە يولۋاس، ئىككى باتۇر بار» (161 ـ بەت)، «تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ پادىشاھ تويغا تەمشىلىپ يەتتە ئىقلىمغا تەكلىپ ئەۋەتىپتۇ»، «يەتتە شەھەر بىرلىشىپ 40 مىڭ تۇغ ـ ئەلەملىك لەشكەر توپلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىپتۇ» (163 ـ بەت)، «پادىشاھ ئۇنى شۇ زامات 7000 تۇغ ـ ئەلەملىك لەشكەرگە باش خاقان قىپتۇ. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ 7000 تۇغ ـ ئەلەملىك لەشكەرگە باش خاقان بولۇپ، ھەر كۈنى ئۇلارغا چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ» (165 ـ بەت)، «دەل شۇ چاغدا 7000 تۇغ ـ ئەلەملىك لەشكەرنىڭ ھەممىسى قارا تون كىيىپ قارا بولۇت سىياقىدا مەڭكۈ باتۇرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ» (166 ـ بەت)، «ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقنى كانايلاردا پۈتۈن يەتتە ئىقلىمغا جاكارلاپتۇ» (168 ـ بەت)، «سىلەرنىڭ بىر تۇغقىنىڭلار پالانى يەردە يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراۋاتقانىكەن» (169 ـ بەت)، «قورالاندۇرغان 7000 تۇغ ـ ئەلەملىك قابىل لەشكىرىگە ئۇرۇش تونلىرىنى كىيدۈرۈپ...»، «كوھقاپ دىۋە زاتلىرى بىلەن يەتتە يىل جەڭ قىپتۇ»، «شۇنداق قىلىپ يەتتە باتۇرنى چۈشۈرۈپتۇ» (171 ـ بەت)، «ئۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز»، «بۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ماكانىكەن»، «يەتتە باشلىق يالماۋۇز بار ئىكەن» (172 ـ بەت)، «يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ، مىسران قىلىچىڭىزمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە»، «يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئۇنىڭ ئىچىدە...» (173 ـ بەت). «نىزناي»: «يەتتە كۈن توي، 70 كۈن مەشرەپ قىلىپ، قىزلىرىنى ئۇزاتماقچى بوپتۇ» (180 ـ بەت) «كىنەزەم بىلەن بوز كۆرپەش»، «ئەسلىدە بۇ پادىشاھ دۇنيادىكى يەتتە باتۇرنىڭ بىرى ئىكەن» (189 ـ بەت) «قاراخان پادىشاھ ۋە ئايگۈل قىز»، «بۇ پادىشاھنىڭ يەتتە خوتۇنى بولۇپ، خوتۇنلىرى تۇغمىغانلىقى ئۈچۈن تەخت ۋارىسى يوقلۇقىدىن ئەندىشە قىلىپ بەكمۇ زارلىنىدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەتتىنچى ھامىلدار بوپتۇ»، «يەتتە يىللىق شىكارغا چىقىمەن»، «ئاردىن يەتتە يىل ئۆتكەندە قاراخان پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ...» (197 ـ بەت)، «ئاردىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە قاراخان پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەپتۇ»، «ئۇرۇش يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىپتۇ»، «ئايگۈل قىزنىڭ يەتتە يېرىگە ئوق تېگىپ يارىلىنىپتۇ، ئېتىنىڭ 70 يېرىگە ئوق تېگىپتۇ» (198 ـ بەت)، «يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ ھالسىزلانغان ئايگۈل قىز...» (199 ـ بەت)، «باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يەتتە كۈن جاپالىق تۇرمۇشنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ بىر يەرگە بارسا...» (200 ـ بەت). «ئادىل شاھ»: «ساقاللىق قەلەندەرگە يەتتە تىللا ئالتۇن سەدىقە قىپتۇ» «بىر قەلەندەر بىر دۇئا قىلىپلا يەتتە تىللا ئالتۇننى ئېلىپ كەتسە بولامدۇ؟» «شاھلىق تونلىرىنى ماڭا بەرسىلە مەن يەتتە تىللانى قايتۇرۇپ كېلىمەن» «بىر قەلەندەر كېلىپ يەتتە تىللا ئالتۇن خەجلەپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ...» «يەتتە تىللانى بەرسەڭ ئۇرمايمەن» «پادىشاھ سوئالغا جاۋاب بەرگىنىڭ ئۈچۈن يەتتە تىللانى بەرگەن بولسا مەنمۇ سەندىن سوئال سوراي» (209 ـ بەت) «ئەقىللىق قىز»: «پادىشاھنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ پۈتۈن 70 پۇشتىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ جەھەننەمگە سالىمەن» (224 ـ بەت) «پادىشاھنىڭ 70 مىڭ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلىغان ئەقىللىق قىز...» (225 ـ بەت).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋىيەت ئەينىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىدىكى مۇقەددەس سان چۈشەنچىسىدىن ئۇچۇر بېرىش بىلەن بىللە لوپنۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. خەلقىمىز تارىخىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك دولقۇنلىرى داۋامىدا تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق بۈگۈنگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. بىز يۇقىرىدىكى چۆچەكلەردە كۆرۈپ ئۆتكەن «يەتتە» مۇقەددەسلىكىگە دائىر بايانلار بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

20 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ۋە فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە مېتودىدا بەزى ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇنىڭ ئىچىدە جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى بىر گەۋدىلىك تەرەپ. بۇ ماقالىدە شىنجاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيەسى ۋە مېتودىنى تەتبىقلاش ھەققىدىكى بەزى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ ھەمدە بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش مەقسەت قىلىندۇ.

1

ياۋروپادا پەيدا بولغان جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنگىچە 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى بېسىپ ئۆتتى. 100 يىللىق تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش جەريانىدا، بىر نەچچە ئەۋلاد ئىنسانشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بىر يۈرۈش جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنى كۆزىتىش، تونۇش ۋە تەھلىل قىلىش نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇللىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، نۇرغۇن مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىلمىي ئېقىملارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشىنىشى ۋە تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، غەرب دۇنياسى ئادىمىيەت پەنلىرىدىكى ئورنىنى ئالغىلى بولمايدىغان بىر مۇھىم پەنگە ئايلاندى①.

جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى مەيدانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، بىر روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ كەلدى: يەنى «باشقا مەدەنىيەت» (the other cultures) تەتقىقاتىنى ئۆزىنىڭ پەن تەتقىقات نىشانى قىلىپ كەلدى. تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارغىچە، ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى ياۋروپانىڭ سىرتىدىكى «ئاددىي جەمئىيەت»لەردىكى ھەرقايسى ئىرق ياكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىدا، ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات ئوبيېكتى ئاساسلىقى شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىندىيانلار بولدى. بۇ تەتقىقات ئوبيېكتلىرى، مەيلى ئافرىقا، ئاسىيا، ئوكرايىنالاردا بولسۇن، مەيلى ئامېرىكىدا بولسۇن، ئورتاق نۇقتا شۇكى ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىقى «غەيرىي غەرب جەمئىيىتى» دەپ قارايدىغان مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتلەردىكى

«ئەۋرىشكە»لەر بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ پەن
تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلار «مەخسۇس غەلىتە ئۆرپ-
ئادەتلەرنى تەكشۈرگۈچىلەر ۋە خاتىرىلىگۈچىلەر» دەپ
قارالدى. پەن نەزەرىيەسى ۋە مېتودىنىڭ تەدرىجىي
پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ غەربتىكى جەمئىيەت مەدەنى-
يەت ئىنسانشۇناسلىرى تەدرىجىي «ئۆزىنى دۇنيادىكى
بارلىق مەدەنىيەتلەردە قويۇپ، بىز ئاسان چۈشىنىپ يېتەل-
مەيدىغان ناتونۇش ئېتىقاد ۋە ئادەتلەرنى، بىزنىڭ مىللىي
مەركەزچىلىكىمىزنىڭ چەكلىمىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، شۇ
ئارقىلىق بارلىق جەمئىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلى-
شىمىز»نى تەشەببۇس قىلدى②. ئەمما 2-دۇنيا ئۇرۇشى-
دىن بۇرۇنقى غەرب جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلى-
قى تەتقىقاتىدا، تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى غەرب مەدەنى-
يىتىنىڭ «كۆزى» بىلەن «غەيرىي غەرب» مەدەنىيەتلىرى-
نى كۆزىتىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسى ۋە مېتودلىرى-
دا، قەدىمكى گرېك، قەدىمكى رىم مەدەنىيىتىدىن باشلان-
غان، غەرب مەدەنىيىتى باشتىن-ئاخىر بىر خىل «كوئور-
دىنات»لىق رولغا ئىگە بولۇپ كەلدى. شۇڭا مەيلى دەس-
لەپكى مەزگىللەردىكى گېرمانىيە-ياۋروپا دىففۇزىيە ئېقىمى
بولسۇن، مەيلى ئەنگلىيە-ئامېرىكا تەدرىجىي تەرەققىيات
ئېقىمى بولسۇن، ئىدېئولوگىيە يۈزلىنىشىدە، ياۋروپا
(غەرب) مەركەزچىلىك نەزەرىيەسى باشتىن-ئاخىر
سىزغۇچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى تەپەككۇ-
رىدا ئازدۇر-كۆپتۇر بىر خىل غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلە-
رىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق غەرب مەدەنىيىتىنىڭ
«غەيرىي غەرب» مەدەنىيىتىدىن «ئەۋزەل» ياكى
«ئۈستۈن تۇرىدىغان»لىقىنى ئىسپاتلاش خاھىشى ساقلى-
نىپ كەلدى. ئاقىۋەت ھەممىشە غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلە-
رى غەرب مەدەنىيىتىدىن تۆۋەن دەپ قارالدى، گەرچە
بۇ مەزگىللەردە غەربتىكى جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسان-
شۇناسلىرى ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان ئىنسانلار توپى-
نىڭ مەدەنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش جەھەت-
لەردە نۇرغۇن قىممەتلىك تونۇشلارغا ئېرىشكەن، نۇرغۇن
ئۈنۈملۈك تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولس-
مۇ، ئەمما ئۇلار ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ماكرو ئىنسا-
نىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىي تەتقىقاتىنىڭ بىر
قىسمى دەپ قارىغانلىقتىن، دۇنيادىكى بارلىق غەيرىي
غەرب مەدەنىيەتلىرىگە غەرب مىللىي مەركەزچىلىك قارا-
شى بىلەن قارىدى. «باشقا مەدەنىيەت»لەرگە بولغان تو-
نۇشتا بەزى ئېغىشلار پەيدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ-
نىڭدىن شەكىللەنگەن ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان
مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇش نەزەرىيەسىدىمۇ مۇقەررەر
ھالدا ھەر خىل ياڭزا كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر
ساقلاندى، ھەتتا بەزى خۇددى «شەيتان ئەينەك»كە
ئوخشاش غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرىنى تونۇغان ۋە
تەسۋىرلىگەندە، «باشقا مەدەنىيەت»لەرنى بۇرمىلايدىغان
ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلدى. شەكىللەندۈرگەن نەزەرىيەلەردە
ئىنسانلار جەمئىيىتى (ئاساسلىقى غەرب جەمئىيىتى)نىڭ ئۆ-
زىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە مەرىپىتىگە بولغان تونۇش نەتىجىلى-
رىنىڭ بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەمما نەزەرىيە جە-
ھەتتە بەزى كەمچىلىكلەر، تونۇش جەھەتتە بەزى خاتالىق-
لار ساقلاندى. شۇڭا ئۇلارنىڭ زور دەرىجىدىكى پۈتۈن
دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى مەدەنىيەتلەرگە
بولغان تەتقىقاتلىرىنىڭ «ئۇنىۋېرساللىق»نىغا قارىتا
ئىزچىل تالاش-تارتىش مەۋجۇت بولۇپ، بەزى غەرب
ئىنسانشۇناسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ساھەدىكى تەت-
قىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنى
توختاۋسىز ئويغا سالدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى غەربنىڭ كونا مۇس-
تەملىكە سىستېمىسى يىمىرىلىشى غەرب جەمئىيەت-مەدەنى-
يەت ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىنى ئۇلار ئىلگىرى ئىگە
بولغان غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدە جەمئىيەت تەكشۈ-
رۈش ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماي، ئىلگىرى
شەكىللەندۈرگەن جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق-
نىڭ نەزەرىيەلىرىنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى، قايتا
ئويلىنىش نۇرغۇن نەزەرىيەلەردە ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنى
ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئالدى
بىلەن تەتقىقات ئوبيېكتى ئاتالمىش «ئاددىي جەمئىيەت»-
لەردىن تەدرىجىي «مۇرەككەپ جەمئىيەت»لەرنى تەتقىق
قىلىشقا بۇرالدى، غەرب جەمئەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇ-
ناسلىرى بارغانسېرى ھازىرقى مۇرەككەپ جەمئىيەتلەرنى
تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
«يەرلىك مەدەنىيىتى» تەتقىقاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى،
ئۇنىڭدىن قالسا، «غەيرىي غەرب جەمئىيىتى»نىڭ مەدە-
نىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مەقسىتى تەدرىجىي مەدەنىيەت-
نىڭ ئىلغارلىقىنى ئىسپاتلاشتىن يەر شارىدىكى ھەرقايسى

MIRAS

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەدەنىيەتلەر ئىگە بولغان قىممەت قاراشلارنى تونۇش ۋە چۈشىنىشكە بۇرالدى ھەمدە بۇنداق تونۇش ۋە چۈشىنىشلەرنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ چەكلىمىلىكلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. نەزەرىيە جەھەتتىن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ۋە ھالقىما مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. ئىلگىرىكى جەمئىيەت تارىخىي تەتقىقاتىغا سەل قارايدىغان چەكلىمىلىكتىن ھالقىپ، تەدرىجىي تارىخ بىلەن مەدەنىيەت بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. مەدەنىيەتنى شەرھلىگەندە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس جورج ماسۇس (Macus George) بىلەن مايكېل فىسچېر (Michael Fischer) 1986-يىلى نەشر قىلىنغان «مەدەنىيەت تەنقىدى سۈپىتىدىكى ئىنسانشۇناسلىق» (as Cultural Critique Anthropology) ناملىق ئەسىرىدە: «بىر تەرەپتىن، ئىنسانشۇناسلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنى يەر شارى خاراكتېرلىك غەربلىشىشنىڭ دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالغۇچىلار دەپ جار سالدۇ. رومانتىك چاقىرىق كۈچىنىڭ ياردىمى ۋە ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان پەن مەقستى بىلەن ئىنسانشۇناسلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەر شارىدىكى غەرب ئەندىزىسىنىڭ ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىشىگە قارشى تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانشۇناسلار نىسبەتەن مۇجمەل سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق غەربنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەنقىد قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. ئۇلار يات مەدەنىيەت (باشقا مەدەنىيەت)لەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىمىز ھەققىدە ئويلىنىمىز دەيدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى ساۋاتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كۆپچىلىككە ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ قارىلىدىغان بەزى قاراشلار ھەققىدە قايتىدىن ئويلاندۇرىدۇ»③.

ئۆتكەنكى 30 يىلدىن بۇيان، غەرب جەمئىيەت-مەدەنىي ئىنسانشۇناسلىقى نەزەرىيە ۋە مېتود جەھەتتە ئىلگىرى شەكىللەنگەن نەزەرىيە ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلۈكى ھەققىدىكى ئويلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل «ئازادلىق» بۇرۇلۇشنى بېشىدىن كەچۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى «يات مەدەنىيەت» ياكى «باشقا مەدەنىيەتكە بولغان تونۇشنىڭ بۇرۇلۇشى ۋە تەتقىقات مەقستىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. غەرب جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى، جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە بۇ جەمئىيەت، ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەنگە قايتىدىن ئورۇن بەلگىلەشكە ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات مەقسەتلىرىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تىرىشتى. تەتقىقات ئۇسۇلىدا، ئىنسانشۇناسلار كونكرېت مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەشتىن رازى بولمىدى، ئۇلار مەدەنىيەتنى تونۇش ۋە چۈشەندۈرۈشتىكى نەزەرىيەۋى ئىزدىنىشلىرىدە، مەدەنىيەتنىڭ مەنىسىنى شەرھلەشكە دىققەت قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ فۇنكسىيەلىرى ۋە قىممىتى ھەققىدە ئىزدىنىپ، پەن تەرەققىياتىدىكى مەدەنىيەت تەنقىدىنى قوغلىشىپ، قۇرۇلما ئىنسانشۇناسلىقى، سىمۋول ئىنسانشۇناسلىقى، شەرھى ئىنسانشۇناسلىق، ئىقتىساد ئىنسانشۇناسلىقى، پىراكتىكىلىق تېئولوگىيە قاتارلىق يېڭى ئىلمىي ئېقىملارنى مەيدانغا كەلتۈردى، ھالقىما مەدەنىيەت تەتقىقات بارغانسېرى پەن تەتقىقاتنىڭ مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئۇسۇلىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ قوللىنىلىش ساھەسىدە، ئىنسانشۇناسلار ھازىرقى يەر شارى جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە كۆپلەپ قاتناشتى. گەرچە بۇ ساھەدە كىشىلەر جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ رولىغا نىسبەتەن يەنىلا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولسىمۇ، ئەمما تەرەققىيات ئىنسانشۇناسلىقى (development anthropology) ئېكولوگىيە-مۇھىت ئىنسانشۇناسلىقى (environmental anthropology ecological) تېبابەت ئىنسانشۇناسلىقى (medical anthropology) مائارىپ ئىنسانشۇناسلىقى (educational anthropology) شەھەر ئىنسانشۇناسلىقى (anthropology urban) ۋە فىلىم ئىنسانشۇناسلىقى (visual anthropology) قاتارلىق ئىنسانشۇناسلىقنىڭ قوللىنىلىشچان تارماق پەنلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى خېلى گەۋدىلىك، ئىنسانشۇناسلىق ھازىرقى زاماندا ئىنسانلار دۇچ كەلگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار (نوپۇسنىڭ ئېشىشى، مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئېنېرگىيە كەمچىل بولۇشى، تەرەققىيات تەكشىسىزلىكى، مەدەنىيەت توقۇنۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر)نى ھەل قىلىشتا ئالاھىدە رول ئوينىماقتا.

2

شىنجاڭدا شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا

جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نەزەرىيە ۋە مې-
تودلىرىنى تەتبىقلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان ئىلىم ئەھلى-
لىرى ئاساسلىقى تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، مىللەت-
شۇناسلىق، مىللەت تىلشۇناسلىقى، مىللەت نەزەرىيەسى
ياكى سىياسەت قاتارلىق پەن تەتقىقات ساھەلىرىدىن
كېلىپ چىققان بولۇپ، دىققىتىنى جەمئىيەت- مەدەنىيەت
ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيەلىرىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ-
نىڭ تارىخ- مەدەنىيىتىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە
مەركەزلەشتۈرگەن. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىلارغا ئا-
ساسلانغاندا، 1997- يىلىنىڭ ئاخىرغىچە شىنجاڭدىكى ھەر
تۈرلۈك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قى-
لىنغان ماقالىلەر ئىچىدە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا
جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىغا ئالاقىدار ماقالە-
لەر 70 كە يەتكەن. (بۇ ماقالىلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى
ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە موڭغۇلچىدا ئېلان قىلىنغان)④.
ئەمما بۇ ئەسەرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ-
دىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئىشلىتىۋاتقان جەمئىيەت- مەدەنى-
يەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلىرى ئا-
ساسەن 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن بۇرۇنقى غەرب
ئىلىم ساھەسىدىكى خۇلاسە خاراكتېرلىك نەرسىلەر، بۇرۇ-
لۇش دەۋرى ياكى كېيىن تەرەققىي قىلغان يېڭى نەزەرىيە
ۋە يېڭى ئۇسۇللارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار يوق. دەس-
لەپكى مەزگىللەردە بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت بولۇ-
شىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ئەجەبلىنىشكە ئەرزىمەي-
دۇ. ئەمما بۇ پەننىڭ ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئىگە-
لەش ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىنى كونكرېت ئىگىلەشنىڭ كەمچى-
لىكى سەۋەبلىك مەلۇم تارىخ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھا-
دىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە بەزى نەزەرىيەلەرنى تەقلىد
قىلىشتىن چۈشەندۈرۈش جەريانىدا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان
نەزەرىيەلەرنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىش خاھىشىنىڭ پەيدا
بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، مەدەنى-
يەت چەمبىرىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئالايلى، بۇ مەسىلە
ھەققىدە ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە پارچە ماقالىدە ئازدۇر-
كۆپتۇر غەرب جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى سا-
ھەسىدىكى مەدەنىيەت چەمبىرىكى ھەققىدىكى نەزەرىيە
ئارقا كۆرۈنۈشى ساقلانغان، بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەر-
دە جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى كۆرسەتكەن
بۇنداق نەزەرىيە كەمچىلىكلىرىنى چۈشەنمىگەن، شۇڭا
ئۇنى تەتبىقلاپ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى مەلۇم بىر مەدەنى-
يەت چەمبىرىكىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە دائىرە بەلگىلەشكە
ئۇرۇنغاندا، چىقارغان بەزى يەكۈنلەردە بۇ نەزەرىيەنىڭ
ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇڭا
خۇلاسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى تۆۋەن بولغان، ھەتتا بۇ
خۇلاسىنى پۈتنى يۇنۇپ ئۆتۈككە سىغدۇرغاندەك نامۇۋا-
پىق چارە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەت-
مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدىكى بەزى خۇلاسىلەردىن پاي-
دىلىنىپ شىنجاڭنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىدىكى ماكرولۇق ھا-
دىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە ئىزچىل بۇ پەننىڭ «جان تو-
مۇرى» دەپ قارىلىدىغان دالا تەكشۈرۈش (field work)
خىزمىتى كەمچىل بولغانلىقتىن، يۈزەكىي ماكرولۇق تەس-
ۋىرلەر ۋە خۇلاسە شەكلىدىكى يىغىنچاقلاشلار نىسبەتەن
كۆپ. ئىنسانشۇناسلىق ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان
ئېتنوگرافىيە (ethnography) تەسۋىرلىرى ناھايىتى ئاز،
چوڭقۇر تەھلىللەر تېخىمۇ ئاز. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى
كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى
تەتقىقاتلاردا گەرچە ئاز بولمىغان نەتىجىلەر روياپقا چىققان
بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى،
بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تىرىكچىلىك
شەكلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ
پۈتكۈل جەريانىغا قارىتا ئىنچىكە، دەل ئېتنوگرافىيە-
لىك تەسۋىرلەر (ethnographical description) ۋە شۇ-
نىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان چۈ-
شەندۈرۈش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ
قىممەت مەنىسىگە بولغان تونۇشتىمۇ مۇقەررەر يېتەرسىز-
لىكلەر ساقلانغان بولۇپ، توغرىدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەت-
تە ناتوغرا كەمتۈك تەسۋىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ھەتتا
تەسۋىرلەش ۋە چۈشەندۈرۈش ناتوغرا بولۇشتەك ھادى-
سىلەر كېلىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئىزدەپ تاپقان
ئايرىم ماقالىلەردىن جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلى-
قىدىكى مەلۇم نەزەرىيەلەردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ تارىخ
مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئەمما بۇ نەزە-
رىيەلەرنى چۈشەنمىگەنلىكتىن ئاللىقاچان بۇ پەن ساھەسى-
دە ئىنكار قىلىنغان نەزەرىيەلەردىن پايدىلانغانلىقىنى،
شۇڭا بەزى ئىلمىيلىكتە ئۇيغۇن بولمىغان، ئەمەلىي دەلىل
پاكىتى بولمىغان «خۇلاسە»لەرمۇ چىقىرىپ قويۇلغان. بۇ-
نىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يەنە بار، كۆرۈل-
گەن بۇ مەسىلىلەر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا
ئەرزىيدۇ. چۈنكى بىر يېڭى پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



شىنجاڭدىكى ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى يېڭى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي كۆزىتىش نۇقتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلانغاندا، ئىلىم تەتقىقاتىنىڭ قانۇنىيىتىگە، پاكىت ۋە تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، ئىلمىي، تەنقىدىي روھقا ئىگە بولۇش كېرەك، بولمىسا شىنجاڭدا ئەمدىلا پەيدا بولغان بۇ ئىلىمنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

شىنجاڭ ئىلىم ساھەسى جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە ۋە مېتودلىرىنى كىرگۈزگەندە، يېڭى كۆزىتىش نۇقتىسى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى نورمال ئەھۋال، بۇنىڭلىق بىلەن شىنجاڭ ئىلىم ساھەسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇرەككەپ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە يېڭى نەزەرىيەلەرنى تەتبىقلاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە جاسارىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ پەنگە قارىتا يەنىلا بىر ئۆگىنىش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بىز بىلىدىغانلىرىمىز كۆپ بولمىغان باسقۇچتا تۇرۇۋاتىمىز ياكى تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ پەنگە نىسبەتەن سىستېمىلىق چۈشىنىش ۋە تونۇشىمىز تېخى يېتەرسىز، مەسىلەن، ئېلان قىلىنغان ماقالە، ئەسەرلەردە، كىشىلەرنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلگەن نۇرغۇن نەزەرىيەۋى كۆز قاراشلارنىڭ بىۋاستە ئەسلىي ئەسەردىن ئېلىنماستىن، بەلكى باشقىلار كەلتۈرگەن نەقىلنى نەقىل سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس، نەقىل كەلتۈرگۈچى بەزى نەزەرىيەۋى كۆز قاراشلار نەچچە ئون يىللار بۇرۇن ئاللىقاچان زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن⑤. بۇنداق تېكىستلەرنى ۋاستىلىك نەقىل ئېلىش ھادىسىسى مۇقەررەر ھالدا نەزەرىيەۋى كۆز قاراشلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىگىلەشكە قارىتا سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن چىقىرىلغان ناتوغرا خۇلاسىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ مول ۋە مۇرەككەپ تارىخ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى، ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى توغرا شەرھلىگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئىلىم ئەھلىلىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدە غەرب جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدىكى مۇھىم ئەسەرلەر ئەمدىلا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ئەھۋالدا، يېڭى نەزەرىيەلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش قىلىشقا ۋاقىت كېتىدۇ، قانداق قىلىپ يېڭى نەزەرىيەلەرنى شىنجاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا توغرا تەتبىقلاش مەسىلىسى مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا، بۇ يېڭى نەزەرىيەلەر يەنە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ سىنىقىغا ئۇچراشتەك مۇقەررەر جەريان ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تېخىمۇ تەس. بۇ پەننىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئۆزگىچە قىممەت ۋە رولغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شىنجاڭنىڭ مول تارىخ مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ۋە ھازىرقى كۆپ مەنبەلىك رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتىنى ئەۋزەل شارائىت ۋە ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى نۇرغۇن ئىنسانشۇناسلار، شىنجاڭ جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى پېنى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرىدىغان ئەڭ ياخشى جاي، بۇ جايدا جۇڭگو جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا شىنجاڭ ئىلىم ساھەسى ئارخېئولوگىيە، مىللىي تىل، فولكلور، سەنئەت، دىنىي-ئېتىقاد ۋە تارىخ قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتلاردا شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن زور مىقداردىكى خام ماتېرىياللارنى جۇغلاپ بەردى، جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقاتى مول يەرلىك بايلىق ئاساسىغا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە ھازىر بۇ پەننىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتىدا بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ئىگىلىرى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا نەزەر سالماقتا. جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە. ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا، شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى ھادىسىلەرنى نىسبەتەن چوڭقۇر قاتلامدىن مۇھاكىمە قىلماقتا، چۈشەندۈرمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مۇھىم بولغىنى بۇ پەننى ئېلىپ كىرىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا، بىزنىڭ نېمە ئىش قىلىشىمىز زۆرۈرلۈكىدۇر.

3

جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنى شىنجاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ئېلىپ كىرىشتە ئالدى بىلەن بۇ پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بىلەن ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكىدەك ئېيتقاندا، جەمئىيەت-

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئىنسانىيەت تەدرىجىي تەرەق-
قىياتى ياكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا قارىتا ئومۇمە-
يۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ، بۇ
ۋاقىتتا ئىنسانشۇناسلار مەدەنىيەت دىففۇزىيەسى (تارقى-
لىش) نەزەرىيەسى ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى
ھەققىدە قايتا ئويلانغاندىن كېيىن نىسبەتەن ئۇنىۋېرسال
تونۇشقا ئىگە بولۇپ بولغان. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولغىنى شۇكى، بۇ پەنمۇ بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەق-
قىيات ئۆزگىرىشىنىڭ پۈتكۈل تارىخى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى
ئىزدەش ھەققىدىمۇ باش قاتۇرمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ
بەزى نەزەرىيەلىرى بۇلارنى چۈشىنىشكە ياردەم بەرسىمۇ،
ئەكسىچە، جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى كىچىك
ياكى مىكرو تىپتىكى جەمئىيەتنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىشقا
ئېتىبار بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەشكىلىي، ئىقتىساد
قارىشى ۋە جەريانلىرى، سىياسىي تۈزۈم ۋە ھەرىكىتى، مە-
دەنىيەت سىمۋوللۇق بەلگىلىرى، مۇراسىم، دىنىي ئېتىقاد
قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، كىچىك ياكى مىكرو تىپتىكى
جەمئىيەتلەر مەدەنىيىتىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتنوگراف-
يەلىك تەسۋىرلەشكە تىرىشىش ئارقىلىق، بەلگىلىك ئىنساند-
لار مەدەنىيەت تىپىنىڭ مەدەنىيەت ھەرىكىتى، كۆز قاراش
ۋە پوزىتسىيەلىرى ھەمدە مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلما ۋە فۇنك-
سىيەلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ پەننىڭ نەزەرىيەسىنىڭ شە-
كىللىنىشى ۋە كۆپ خىللىشىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئاساسى
مۇشۇ يەردە. مەيلى غەربىي ياۋروپا جەمئىيەت ئىنسانشۇ-
ناسلىقىنىڭ «جەمئىيەت»نى ئاساسىي ئۇقۇم ۋە تەھلىل
بىرلىكى قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشلىرى بولسۇن، مەيلى
ئامېرىكا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ «مەدەنىيەت»نى
ئاساسىي ئۇقۇم ۋە تەھلىل بىرلىكى قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ
بېرىشلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق چىقىش نۇقتىسى
كونكرېت كىشىلەر توپى ۋە جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىش،
مەقسىتى ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى چۈشە-
نىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشتۇر⑥.

مېتودولوگىيە تەتقىقاتىدا، جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنـ-
سانشۇناسلىقى ئىنچىل ئۆزىگە خاس دالا تەكشۈرۈش ئۇ-
سۇلىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. يەنى تەتقىقاتچى خادىملار
ئۆزلىرى تەتقىق قىلغان توپتا تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ
تۇرمۇش جەريانىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، تاكى
ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنى پىششىق بىلگىچە
ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ھەرىكىتى ھەمدە شۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىشى كېرەك. دالا تەك-
شۈرۈشنىڭ ئىككى ئاساسىي شەرتى قاتنىشىش ۋە كۆزد-
تىشتىن ئىبارەت، تەكشۈرۈشنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى
ئەڭ ئاخىرى تەتقىق قىلىنغان مىكرو تىپتىكى جەمئىيەتنىڭ
ئېتنوگرافىيەسىنى يېزىپ چىقالىشتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە،
دالا تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى يەنە تەتقىقاتچىلاردىن تەكشۈ-
رۈلۈشىدىغان جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاش-
ماسلىقنى، مۇداخىلە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. يېقىنقى يىل-
لاردىن بېرى، دالا تەكشۈرۈش جەريانىدا تەتقىقاتچىلار-
نىڭ «مەيدانى»نىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى مەسىلە-
سىنى چۆرىدەپ ناھايىتى زور تالاش- تارتىشلار ئېلىپ بې-
رىلدى، بولۇپمۇ تەتقىقاتچىنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە يات
بولغان «باشقا مەدەنىيەت»لەرگە قارىتا دالا تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارغاندا، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى-
نىڭ تەكشۈرۈش جەريانىدىكى رولى بارغانسېرى دىققەت-
ئېتىبارنى تارتتى، ئەمما دالا تەكشۈرۈش جەمئىيەت- مە-
دەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى
بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ نۇقتىدا يەنىلا تۈپتىن تەۋرىنىش
بولغىنى يوق، يەنىلا بۇ پەننىڭ باشقا ئىنسانلار جەمئىيىتى
ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرگە ئوخشىمايدى-
غان ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنى-
دۇ. چۈنكى، جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى،
ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى پەقەت
شەخسەن ئۆزى كۆزەتكەن ۋە قاتناشقاندىلا، ئاندىن
ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى ھەققىي
تونۇپ يېتەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ جەمئى-
يەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقاتلىرىغا قاراي-
دىغان بولساق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى تەرەپنىڭ
ھەممىسىدە يېتەرسىزلىك ۋە چەتنەشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
بايقاش تەس ئەمەس. تەتقىقات ئوبيېكتىدا، نۇرغۇن ئە-
سەرلەر، ھەمىشە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر
پۈتۈنلۈكىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، ھالبۇكى
بۇنداق تەتقىقاتلاردا بۇ مىللەتنىڭ كونكرېت كىچىك ياكى
مىكرو تىپتىكى جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان ئومۇمە-
يۈزلۈك تەسۋىرلەش ۋە تەھلىللەر كەمچىل، تەتقىقاتتا ھە-
مىشە مىكرو تىپتىكى جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەت تەشكىلى ۋە
ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا
ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. بۇنىڭدىن چىقىرىلغان

خـۇلاسىلەردە ئېـتنوگرافىيە مـاتېرىياللىرىنىڭ قوللىنىشى
كەمچىل، ئۇسۇل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن تـەتقىقات
نەتىجىلىرىدە تەتقىقاتچىلار تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋەسىقىلە-
رىنى ئىشلىتىشكە بەكرەك ئەھمىيەت بـەرگەن. پۇختا دالا
تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى كەمچىل. دالا تەكشۈرگەن تەق-
دىردىمۇ، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئىنسانشۇناسلىق ئەھمىيەت
بېرىدىغان تەكشۈرۈش ئەمەس، بەلكى خەلق ناخشا-قو-
شاقلىرىنى تەكشۈرۈش شەكلىدە بولۇپ قـالغان، شۇ سە-
ۋەبتىن تەتقىقاتچىلاردا تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان جەم-
ئىيەت تۇرمۇشىغا قـارىتا سىستېمىلىق، چوڭقۇر كۆزىتىش
ۋە ئۆز بـېشىدىن كـەچۈرۈش كـەمچىل. شۇنىڭ ئۈچۈن
بىزدە ھازىرغىچە شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھەر-
قانداق بىر مىكرو تىپتىكى ياكى كىچىك تىپتىكى جەمئىيىتى-
نىڭ مەدەنىيىتىگە قارىتا يېزىلغان ئېتنوگرافىيە يوق، بۇنى
شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى بىر
زور كەمچىلىك دېمەي تۇرالمايمىز.

شىنجاڭدىكى جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئـىنسانشۇناسلى-
قـى تـەتقىقاتى بـىلەن شۇغۇللىنىدىغان تـەتقىقاتچىلار بـىر
مۇشكۇل ئەھۋالغا دۇچ كەلدى، يەنى جەمئىيەت-مـەدەنى-
يەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيەلىرىنى شىنجاڭ مـەدەنى-
يىتى تەتقىقاتىغا تەتبىقلاش، نۆۋەتتە يەنىلا غەرب ئىلىم سا-
ھەسىدىكى نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللاردىن ئۈلگە ئېلىشقا تاياي-
ماقتا، بۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر بـاسقۇچ. ئـەمما
خۇددى دۆلەت ئىچىدىكى بەزى ئالىملارنىڭ كۆرسەتكىنى-
دەك، جەمئىيەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ جۇڭگو-
چىلىشىشى بۇ پەننىڭ جۇڭگودا ساغلام تـەرەققىي قىلىشى-
نىڭ ئاساسىي شەرتى ۋە بەلگىسى⑦. غەرب ئـىلىم ساھە-
سىدىكى نەزەرىيە ۋە مېتودلارنى ئىشلەتكەن تـەقدىردىمۇ
تەتقىقاتچىلار بۇ نەزەرىيەلەرنىڭ شەكىللىنىش ئارقا كۆرۈ-
نۈشى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ مەدەنىيەت ئـالاھىدىلىكلى-
رىگە دىققەت قىلىشى زۆرۈر. غەرب ئـىنسانشۇناسلىق سا-
ھەسى ئىلگىرى «يات مەدەنىيەت»لەرنى تەتقىقات ئوبيېك-
تى قىلغان بولۇپ، كۆپ قىسمى يـېزىق بـىلەن خـاتىرىلەن-
گەن تارىخى يوق. «قەبىلە» ياكى «ئاددىي جـەمئىيەت»-
لەر ئىدى، ئۇلار تەتقىقات جەريانىدا نـەزەرىيە شەكىللەن-
دۈرگـەن. ئـۇزاق تـارىخقا ۋە يـازما خـاتىرىلەرگە ئـىگە
بولغان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى تەتق-
قاتىغا نىسبەتەن قـانچىلىك نـەزەرىيەۋى تـونۇش، شـەرھ-
لەش رولىغا ئىگە، بۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئـويلى-
نىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. دۆلەت ئـىچىدىكى بـەزى ئـالىملار
غەرب ئالىملىرىنىڭ يازما خاتىرىلىرى يوق جەمئىيەتلەرنىڭ
مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ شـەكىللەندۈرگەن نـەزەرىيەلە-
رى ۋە مېتودلىرىنى ئـەينەن كۆچۈرۈپ كـېلىش بـىلەن
جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشەنگىلى ۋە چۈشەن-
دۈرگىلى بولمايدۇ، ھەم بۇنداق قىلىشنىڭ ئاساسىمۇ يوق.
شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيى-
تىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەھۋال يەنە ئىچكىرى رايـونلار-
دىكى خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنى-
يىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇ يەردە ئۆز مىللە-
تىنىڭ يېزىقىدا ئۆزىنىڭ تارىخىنى خاتىرىلىگەن مىللەتلەرمۇ
بار، يەنە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر سەۋەبلىك يازما خاتى-
رىلىرىدە ئۈزۈكچىلىك كۆرۈلگەن مـىللەتلەرمۇ بـار، يـەنە
بەزى يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى يوق مـىللەتلەر-
مۇ بار، كۆپ قىسىم مىللەتلەرنىڭ تارىخى يـەنە خـەنزۇچە
سالنامىلەردە تولۇق خاتىرىلەنگەن بـولۇپ، نـاھايىتى مۇ-
رەككـەپ تــارىخ مـەدەنـىيـەت تـېكىستى ھـادىسىلىرى
مەۋجۇت. بۇنداق ھادىسىلەر ھازىرقى جەمئىيەت-مەدەنى-
يەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە ۋە مېتودلىرىنى قـانداق
تەتبىقلاشقا قارىتا جەڭ ئېلان قىلدى. تـەتقىقاتچىلار تـارى-
خىي تېكىستلەرنى تاراشلاش ۋە مەنىلىرىنى قېزىش بـىلەن
مىكرو جەمئىيەتلەردە قىلىنغان دالا تەكشۈرۈش نـەتىجىلە-
رىنى قـانداق بـىرلەشتۈرۈپ بـىر مـىللەتنىڭ مـەدەنىيىتىنى
تونۇش ۋە چۈشەندۈرۈش جەھەتتە، مەيلى نەزەرىيە جە-
ھەتتىن بولسۇن ياكى مېتود جـەھەتتىن بـولسۇن نـاھايىتى
جاپالىق تـىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە موھتاج. بۇنىڭ
ئىچىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوخشاش بولمىغان تـارىخ
مـەدەنىيەت تـېكىستلىرىگە ئـىگە مـىللەتلەرنىڭ ئـىجتىمائىي
مەدەنىيىتىگە قارىتا تەتقىقاتلارنى ئـېلىپ بـارغاندا، جەمئى-
يەت-مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ شىنجاڭدا يـەرلىكلىشى-
شى بىر سـاقلانغىلى بـولمايدىغان قـىيىن مـەسىلە. بۇنداق
يەرلىكلىشىش ۋە پـەننىڭ جۇڭگوچىلىشىشىنىڭ ئـوخشىشىپ
كېتىدىغان تەرىپى بار، ھەم پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تـە-
رەپلىرىمۇ بار. شۇڭا بۇ پەننىڭ تەتقىقاتىنى شىنجاڭدا يەر-
لىكلىشىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەتقىقاتچى-
لارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىشكە ئـەرزىيدۇ. ئـەمەلىيەتتە
پەن تەتقىقاتىنىڭ يەرلىكلىشىش مـەسىلىسىنىڭ ھـەل بـولۇش-
بـولماسلىقى ھەمدە يـاخشى ھـەل بـولۇش-بــولماسلىقى
مەلۇم مەنىدىن ئـېلىپ ئـېيتقـاندا، بـۇ پــەن تـەتقىقاتىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭدىكى تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەزى ئالاھىدىلىكلەردىن
باشقا، جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنى شىنجاڭ
مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا تەتبىقلاش جۇڭگونىڭ ئىچكىرى را-
يونلىرىدىكى جەمئىيەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا تەتبىقلاشقا
ئوخشىمايدىغان بەزى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.
بۇنىڭ ئىچىدە رايون مەدەنىيىتى بىلەن مىللەتلەر مەدەنىيە-
تى مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش بىر مۇھىم تەرەپ. قەدىم-
دىن ھازىرغىچە، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قى ئىزچىل شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى بىر روشەن ئالاھىدى-
لىكتۇر. بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن مىل-
لەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن تەشكىل تاپقان ھازىرقى زامان
مەدەنىيەت ھالىتى، تارىختىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت
(جۇڭگو غەرب مەدەنىيىتى، غەربىي رايون مەدەنىيىتى ۋە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، كۆچمەن چارۋىچىلىق مە-
دەنىيىتى، بوستانلىق تېرىم مەدەنىيىتى، ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچلاردىكى مەدە-
نىيىتى، ھەر خىل دىن مەدەنىيەتلىرى قاتارلىقلار)لارنىڭ
مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى ۋە جۇغلىنىشىنىڭ نەتىجىسى
بولغانىكەن، يەنە ھازىرقى جەمئىيەت ۋە ھازىرقى مەدەنى-
يەت ئۆزگىرىشى، تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بول-
غانىكەن، قايسى نۇقتىدىن تونۇشتىن قەتئىينەزەر، كۆپ
مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ شىنجاڭدىكى مەۋجۇتلۇقى بىر مۇ-
نازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەت. ئىلگىرىكى كۆپ
قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى يەككە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت
تەتقىقاتىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك مىللەت-
لەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشى ۋە چۈشەندۈرۈش نۇقتىسى-
دىن ئېيتقاندا، بۇ ناھايىتى زۆرۈر، ئەمەلىيەتتىمۇ بەزى
كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئەمما
رايون مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تونۇش نۇق-
تىسىدىن قارىغاندا، يەككە مىللەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق
قىلىش، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكى ۋە
ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمەيدۇ،
شۇڭا قەدىمدىن ھازىرغىچە، ھازىرقى شىنجاڭ رايونى
ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ
مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي يەككە ھالەتتىن مەۋجۇت بولغان،
تەرەققىي قىلغان بولماستىن، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش،
ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆزئارا رول ئويناش، ئۆزئارا تولۇق-
لاش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان، ئۆزگەرتكەن. مەدەنىيەت-
لەرنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزئارا تولۇق-
لاش ۋە كۆپ مەنبەلىك ئالاھىدىلىكى شىنجاڭنىڭ رايون
مەدەنىيىتىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان، ئوخشىمىغان تا-
رىخىي دەۋرلەردە ياشىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدە-
نىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ھەرقايسىسى
ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. يەنە بەزى
ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن. شىنجاڭ مەدەنىيىتى-
نى تەتقىق قىلىش مەيلى قەدىمكى مەدەنىيەتنى تەتقىق
قىلىش بولسۇن، مەيلى ھازىرقى مەدەنىيەتنى تەتقىق
قىلىش بولسۇن، بۇ نۇقتىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، يۈز
بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان مەدەنىيەت ئۆزگىرىش ھادى-
سىلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىپ بېرىشكە ئامالسىز قالىمىز،
دەل مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، بىر نەچچە يىللار
بۇرۇن، بىز جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنى شىن-
جاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنى بىر
مۇھىم تەتقىقات ساھەسى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا
قويدۇق، شىنجاڭدىكى ھازىرقى ھەرقايسى مىللەتلەر تونۇ-
لىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوخشى-
مىغان تىپتىكى مەھەللىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيىتىگە
چوڭقۇر دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، 1- قول ماتېرىيال-
لارنى قولغا كەلتۈرۈپ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبە-
لىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى بىلەن تونۇ-
شۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ھازىرقى ئەھۋال-
دىن قارىغاندا، بۇ تونۇش جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسان-
شۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ماس كېلى-
دۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن بۇيان، ياۋروپا-
ئامېرىكا جەمئىيەت- مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسى
ھازىرقى خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسى
كۈچىيىۋاتقان ئەھۋالدا، يەر شارى كۆپ مەنبەلىك مەدەنى-
يىتىگە قارىتا ھالقىما مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشقا
ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى
ھەمدە بۇ پەننىڭ بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى مۇھىم نىشان
دەپ قارىدى. (بۇ يۆزلىنىش ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنى
ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىنسانشۇناسلىق جەمئىيىتى تەرىپى-
دىن نەشر قىلىنىدىغان «كۈنىمىزدىكى ئىنسانشۇناسلىق»
(Anthropology Today) ناملىق ژۇرنال بىلەن ئامېرىكى-
دا نەشر قىلىنىدىغان «ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىقى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(Current Anthropology) ناملىق ئىلمىي ژۇرنالنىڭ 1996 ـ، 1998 ـ يىللىرىدىكى سانلىرىغا بېسىلغان مۇناسىۋەتلىك ماقالە ۋە يىغىن خەۋەرلىرىدىن كۆرۈڭ.) ئەگەر شىنجاڭدا جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ ساھەگە تۆھپە قوشالىسا، شۈبھىسىزكى بۇ پەننىڭ جۇڭگوچىلىشىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشالايدۇ.

شىنجاڭ جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك «دالا»، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مول تارىخ مەدەنىيىتى ۋە زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قارىتا تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش، جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئارىغا چۈشۈشىگە موھتاج. بىر پەننىڭ بىر دۆلەت ياكى رايوندىكى تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىشى بىر كەم بولسا بولمايدىغان شەرت، بۇنىڭدىن باشقا، تەتقىقاتتا ئىلمىي ئەستايىدىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىق، قېلىپلىشىش ۋە ئۆلچەملىشىش ناھايىتى زۆرۈر شۇڭا كىرگۈزۈش ۋە پايدىلىنىش جەريانىدا نورمال ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ناھايىتى مۇھىم. بۇ پەننىڭ شىنجاڭدا ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۆگىنىش ۋە ساۋاق ئېلىشقا موھتاج ھەمدە تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيەت ئاساسىدا، تەدرىجىي بۇ پەننىڭ يەرلىكلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا موھتاج.

ئىزاھاتلار:

① كۆپ قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، بۇ پەننىڭ نامى «جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» دېيىلىدۇ، ئامېرىكىدا «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» دېيىلىدۇ، نۆۋەتتە كۆپ قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى «جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (social–cultural anthropology) دېگەن بۇ نامنى تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارىماقتا.

② M.Leweis (خۇاڭ شۇەنۋېي، ليۇ رۇڭگۇي تەرجىمە قىلغان): «جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە»، گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

③ جورج مارسۇس، مايكېل فىسچېر (ۋاڭ مىڭمىڭ، لەن داجۈي تەرجىمە قىلغان): «مەدەنىيەت تەنقىدىي سۈپىتىدىكى ئىنسانشۇناسلىق»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1998 ـ يىل، 1 ـ نەشرى.

④ بىز ئىزدەپ كۆرگەن ژۇرناللار ئاساسلىقى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، «ئۇيرات تەتقىقاتى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑤ بۇنداق ھادىسىلەر سەل كۆپ، بىرمۇبىر كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز، بۇنداق ھادىسىلەرگە قارىتىلغان مۇلاھىزىلەرنى ۋاڭ مىڭمىڭنىڭ «مەدەنىيەت قېلىپى ۋە ئادەمنى بايان قىلىش» (تيەنجىن خەلق نەشرىياتى»، 1997 ـ يىل نەشرى) ناملىق ئەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

⑥ ۋاڭ مىڭمىڭ: «جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە جۇڭگو تەتقىقاتى»، «ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1997 ـ يىل نەشرى.

⑦ جۇاڭ كۇڭشياۋ: «كۈمۈش قانات — بىر جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تېكىستى ھەققىدە بايان» تەيۋەن تاج كىتابچىلىق شىركىتى، 1996 ـ يىل نەشرى؛ ما رۇڭ، جۇۋ شىڭ: «دالا خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى»، چۇنيەن نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى؛ جۇۋ شىڭ، ۋاڭ مىڭمىڭ، «جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇتۇقلىرى توپلىمى»، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

پايدىلانمىلار:

① «بەش نەپەر ئىلىم ئەھلىنىڭ ئەسىر ئالمىشىش ۋە جۇڭگو ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى سۆھبىتى»، «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 1996 ـ يىل، 4 ـ سان.

② كلىففورد گېرتز (Clifford Geertz): «مەدەنىيەتنىڭ يېشىمى» (Culture The Interpretation of)، ئاساسىي كىتابلار، 1973 ـ يىل نەشرى. (دۆلەت ئىچىدە نارىبلىك قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە نۇسخا، 1998 ـ يىل نەشرى.)

③ س م خان (C M . Hann) تۈزگەن: «تارىخ سۈرئىتىنى تېزلەتكەندە» (Accelerates When History)، ئاسلون نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

④ شېررىي ئورتنېر (Sherry Ortner): « 60 ـ يىللاردىن بۇيانقى ئىنسانشۇناسلىقتىكى نەزەرىيەلەر» (Since the Sixties Theories in Anthtopology)، «جەمئىيەت ۋە تارىختىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار» (Studies in Society and History)، پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.

⑤ «ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىقى» (Current Anthropology) 1996 ـ ، 1998 ـ يىللىق سانلىرى، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، «كۈنىمىزدىكى ئىنسانشۇناسلىق» (Today Anthropology)، 1994 ـ ، 1998 ـ يىللىق سانلىرى، ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىنسانشۇناسلىق ئىنستىتۇتى.

بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى، خەنزۇچە 1999 ـ يىل 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئاپتورى: سۈي يەنخۇا).

(تەرجىمان: ئابدۇقەييۇم مىجىت، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

2016.5

# نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك

(چۆچەك)



ئۆتمۈشتە ئىدىقۇت باغرىدىكى بىر يېزىدا ئېلىباقى، ئەزىنباقى ئىسىملىك ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقانلار بارنى تەڭ تالىشىپ، يوققا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشىپ ھەمسال ئۆتۈشكەنىكەن. ئېلىباقىنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئىسمى زىلال ئىكەن. ئەزىنباقىنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ قىزنىڭ ئىسمى زۇمرەت ئىكەن. بۇ قىز ـ يىگىتلەر كىچىكىدىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغاچقا بىر ئائىلە بالىلىرىدەك بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچان چوڭ بوپتۇ. بۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ بۇلارغا مەسلىكى كېلىپ، كەلگۈسىدە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز پارلاشقاندەك بىر جۈپلەر بولسىكەن» دەپ ئارزۇ قىلىشىپ چاي ئىچۈرۈپ قويۇپتۇ.

مۇشۇ يېزىدا يەنە زالىم بىر دورغا بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرلا لەقۋا، كېكەچ ئوغلى بولۇپ، ھوقۇقىدىن، زالىملىقىدىن پايدىلىنىپ يۇرت ـ يۇرتلارنى ئارىلاپ كۆرۈپ، ئوغلىغا ھېچيەردىن لايىق قىزنى تاپالماپتۇ. بىر كۈنى زالىم دورغا ئاتلىق مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ مەھەللە ئىچىدە بىللە يۈرگەن زىلال بىلەن زۇمرەتنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا زىلال، زۇمرەتمۇ بويىغا يېتىپ قالغان بولغاچقا زالىم دورنىڭ بۇ بىر جۈپلەرگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ باللار مەھەللىدىكى كىملەرنىڭ بالىلىرى بولۇپمۇ چىرايلىق زىلۋا قىزنىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ دەرھاللا ئۆزىگە خەۋەر بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

خۇشامەتچى يايلار «ئەزىنباقى دېگەن كىشىنىڭ قىزى ئىكەن» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.. زالىم دورغا «ئىش ئاسان، قۇشنى يەم بىلەن ئالداش، ئادەمنى پەم بىلەن ئالداش كېرەك» دېگەن ئوي بىلەن ئەزىنباقىنى ئۆيىگە چاقىرتىپ:

— قىزىڭ بالاغەتكە يېتىپتۇ، مېنىڭ ئوغلۇممۇ بالاغەتتىن ئاشتى، قىزىڭنى ماڭا ياخشىلىقچە، يامانلىقچە بولسىمۇ بېرىسەن. بولمىسا مەن سېنىڭ قىزىڭنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، بۇ يۇرتتىن باشقا يۇرتقا قوغلىۋېتىمەن، ئەگەر قىزىڭنى خۇشاللىق بىلەن ئوغلۇمغا ئاتىغان بولساڭ مۇشۇ يېزىدا قېلىپ تىرىكچىلىكىڭنى قىلىسەن، — دەپ قاتتىق يۇمشاق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپتۇ. ئەزىنباقى:

— تەقسىر دورغا، مەن قىزىمنى باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلىش ئۈچۈن چاي ئىچۈرۈپ قويغان، ۋەدەمدىن يېنىۋالالمايمەن، ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ، بەندىمۇ كەچۈرمەيدۇ.. ۋەدىسىدە تۇرماسلىق كۇپۇرلۇق بولىدۇ، دورغا، كەچۈرگەيسىز، — دەپتۇ.

دورغا دەرغەزەپكە كېلىپ:

— مەن مۇشۇ جاينىڭ دورغىسى، دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان، سەن قىزىڭنى زادى كىمگە، قايسى يۇرتتىكى دورغىغا بەرمەكچى، راست گېپىڭنى ئېيت، — دېگەندە، ئەزىنباقى:

— مەن ئىككى ئالەملىك جان دوست ئاغىنەم ئېلىباقىنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى. ۋەدەمدىن يانالمايمەن، دورغا، مەن بۇ ئىككى ياشقا ئۇۋالچىلىق كەلتۈرۈشنى خالىمايمەن،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولمىسا ئاۋام ئالدىدا نامەرد بەندە بولۇپ قالامدىمەن؟
— دەپتۇ.

— خەپ ئەزنىباقى، خەپ! مەن بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن جۇدا قىلىۋەتمىسەم دورغا بولماي كېتەي، — دەپ زالىم دورغا قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئەزنىباقىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بۇ چاغ بە دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستېلا قىلىپ تۇرپان-قومۇللارنىمۇ قولغا ئالغان دەۋر بولۇپ، چىڭ خاندانلىقىغا قارشى شەمالغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تۇرپان-قومۇللاردىن چېرىك قوبۇل قىلىۋاتقان ۋاقىت بولغاچقا زالىم دورغا ئېلىباقى ئوغلى زىلالنى چېرىكلىككە تۇتۇپ بېرىپ، زۇمرەتنى لەقۋا، كېكەچ ئوغلىغا مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ دۆلەتنىڭ تۇرپاندىكى ئوغلى ھەققۇلبەگكە نۇرغۇن سوۋغا-سالام، پارىلارنى بېرىپ ئېلىباقى ئوغلى زىلالنى بولسا مەجبۇرىي چېرىكلىككە تۇتۇپ بېرىپتۇ. يۇرت-يۇرتلاردىن مەجبۇرىي چېرىككە تۇتۇلغان 14، 15 ياشتىكى ئۇيغۇر ياشلىرى بولۇپ نەچچە 1000دىن ئوشۇق بۇ نارەسىدە باللارنى بولسا مەشكە① دەسسىتىپ، ئالدىنقى سەپتە توپ يېمى قىلىش ئۈچۈن پىيادە داۋانچىڭغا يولغا سالغان. بۇلار ئىچىدە زىلالمۇ بولغانىكەن.

زىلال ئاتا-ئانىسىغا، يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قىيىمىغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ:

ئاتا-ئانا، قېرىنداشلار ياش تۆكمەڭ بۇگۈن،
جېنىم تەندە بولسىلا ئۆلمەي كېلۇرمەن.
مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرىڭلار ئۈچۈن،
جەڭگاھلاردا زەپەر قۇچۇپ يېنىپ كېلۇرمەن،
خەير خوش! مەن كەتتىم ئامان بولۇڭلار،
پەرزەنتىڭلار بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار، —

دەپ يولغا راۋان بولغان.

زىلالنىڭ ئاپىسى جىنەستىخان:

جاندىن ئەزىز جان جىگەرىم بىزدىن ئايرىلدى،
يۈرەكلەرنىڭ سەكپارىسى بىزدىن ئايرىلدى.
كۆچمىزگە كۆچ ئىدىڭ سەن، بىزگە يار-يۆلەك،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، قانات قايرىلدى.
ئاتا-ئانىڭ يۈرىكى سېنىڭ قېنىڭدا بالام،
قېرىنداشلىق مېھرى-ۋاپا سېنىڭ تېنىڭدە بالام.
سەن كەتتىڭ، بىز قالدۇق ھەسرەت-پىغاندا،
ئاللاھقا تاپشۇردۇق سېنى ئەي بالام، — دەپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

زىلال قىيمىغان ھالدا يۇرتى، ئاتا-ئانا قېرىنداشلىرى، زۇمرەتتىن ئايرىلىپ، قانىتى سۇنغان قۇش بولۇپ ئېگىز-پەس چىغىر يوللارنى پىيادە مېڭىپ، بوران-چاپقۇن، شۇرغانلاردا قېلىپ، بەزىدە چېرىكلەردىن دەككە-دەشنام يەپتۇ. بىر قىسىم ياشلار ئاچ-توق، ئۈرۈش ئوتلىرىدا قېلىپ، ئوق يېمى بولۇپ، چۆل-جەزىرىلەردە قاغا-قۇزغۇن، بۆرە-تۈلكىلەرگە يەم بولۇپ، جەسەتلەر ساي-جىلغىلاردا ئىگە-چاقىسىز تاشلىنىپ قېلىۋېرىپتۇ.

زىلال داۋانچىڭغا بارغىچە بولغان 200 چاقىرىم يولنى پىيادە مېڭىپ «تاش قورغان دېگەن بىر تاش بىلەن قوپۇرۇلغان دۆڭلۈككە ئورۇنلىشىپتۇ. بە دۆلەت بۇ قورغاننى 1865-يىللىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياساتقانىكەن. بۇ چاغ يەنىلا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بە دۆلەت خانىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش جېڭىگە جىددىي تۇتۇش قىلىپ تۇرغان پەيتتە، بۇ دۆلەت قوشۇنىدىكىلەر ساراسىمىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان پەيتتە زىلال بۇ قورغاندىن چىقىپ ئۆرۈمچىدىن تۇرپانغا مېڭىۋاتقان يولۇچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ يۇرتىدىكى ئاتا-ئانىسى ھەم سۆيگۈنى زۇمرەتكە سېغىنىشلىق سالىمىنى ئەۋەتىپتۇ. خەت زىلالنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ، سۆيگۈنى زۇمرەتكە مۇنداق ئەسلىمىنى ئىزھار قىپتۇ.

ئايىنى كۆرگەندە يۈزۈڭنى ئەسلىدىم،
بۇلاقنى كۆرگەندە كۆزۈڭنى ئەسلىدىم.
قىرچىنتال كۆرسەم بويۇڭنى ئەسلىدىم،
بۇلبۇلنى كۆرسەم ناخشاڭنى ئەسلىدىم .
موچىن قىسلسا قولۇڭنى ئەسلىدىم،
مەجنۇنتال كۆرسەم چېچىڭنى ئەسلىدىم.
توقچەننى② كۆرسەم كۆكسۈڭنى ئەسلىدىم،

① مەشكە — مەشقلەندۈرۈش، قاتار تىزىلدۇرۇش.
② توقچەن — كۆزدە پىشىدىغان دورىلىق ياۋا چىلگە.

2016 . 5

كىشمىش يېگەندە لېۋىڭنى ئەسلىدىم.
ئۇنتۇما يارىم، تاشلىما مېنى،
كېچە-كۈندۈزلەپ سېنى ئەسلىدىم.

چېچەكى چاي بولغان زالىم دورغا ئەزنىباقىغا قاتتىق-يۇمشاق ئۇسۇللارنىمۇ قوللىنىپ، زىلالىنىڭ قوۋۇرغا يولىدا ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكى، ئۇنىڭ تېنىنى قاغا-قۇزغۇنلار يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ زىلالىنىڭ ھەم زۇمرەتنىڭ ئاتا-ئانىسىنى يالغان ئېيتىپ ئالدىغانىكەن.

زالىم دورغا مەن يېزىنىڭ دورغىسى توي كۈننى ئۆزۈم بېكىتىمەن، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان، يەنە بۇلارغا شۇنچە يول قويسام قارا يۈزلۈك قىلىۋاتىدۇ دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەنىكەن.

زۇمرەت زىلالىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن خۇش بولۇپ، مەخپىي ھالدا يۇرتىدىن ئۇرۇمچىگە بارىدىغان جوخلار③نى ئىزدەپ ئىشەنچلىك، ئاق كۆڭۈل يولۇچىلاردىن زىلالىغا سالام ئەۋەتىپتۇ.

تومۇزدا خەت يېزىپ كۆيىدى پېشانەم،
مەن قالدىم، خەت كەتتى بولسۇن نىشانەم.
سەن يارنى كۆرمەككە بەكمۇ تەشنا مەن،
بىر كۆرسەم سەن يارنى ماڭا ھېيت-ئايەم.

كۆزلىرىمگە ئۇيقا كەلمەي ئەسنىدىم،
ماڭسام، تۇرسام سەن يارىمنى ئەسلىدىم.
قەست قىلغاننى پەس قىلاي دەپ ھەر دائىم،
دۈشمىنىمگە نەپرەت ئوقى بەتلىدىم.
ئۇنتۇپ قالما مېنى دائىم ئەسلىگىن،
كۆرۈشكىچە ئامان بولغىن زىلالجان!

زۇمرەتنىڭ زىلالىغا يازغان خېتى يولۇچىلار ئارقىلىق زىلالىغا تەگكەچكە ئۆچكەن ئۈمىد ئوتلىرى يالقۇنجاپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ھالال جۈپتى زۇمرەتكە ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد-ئارزۇغا تولغان خېتىنى ئىزھار قىلغانىكەن.

داۋانچىدا تۇرماقتىمەن گۈليارىم،
سەن ئۈچۈنلا ئاتالغاندۇر تەن-بارىم.

③ جوخلار — ئېشەك، قېچىر بىلەن كىراكەشلىك قىلغۇچى.

قىلىچ-نەيزە ئالغىن دەيدۇ مەلئۇنلار،
بۇ ئىشلارغا قول سالمىدىم نىمكارىم.

يازغان خېتىڭ ماڭا تەگكەچ خۇرسەندىم،
مۇھەببىتىڭ ئوقىدا مەن ئۆرتەندىم.
قانات بەرسە ئاللاھ ئىگەم ئۇچۇشقا،
سېنى كۆرسەم يەتكەن بولۇر مۇرادىم.

ۋاپا ئىزدەپ، جاپا تارتسام مەيلىدى،
مەلئۇن دورغا مۇھەببەتنى چەيلىدى.
خۇدا قوشقان بىر جۈپ بولۇپ گۈلباغدا،
تاھىر-زۆھرە كەبى بولساق مەيلىدى.

بۇ ئۇرۇشمۇ مەغلۇپ بولۇپ تۈگەيدۇ،
قىساس ئوتى بەدۆلەتنى قىينايدۇ.
قەست قىلغاننى پەس قىلدۇ خۇدايىم،
زالىم دورغا ھەسرەت چېكىپ ئۆلىدۇ.

بەدۆلەت ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنى ئالدىدا تەسلىم بولۇپ قېچىپ كورلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى تەرىپىدىن زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، ئاز ساندىكلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن جەم بولۇپ تىنچ-خاتىرجەم تۇرمۇش يولىنى تاپىدۇ، زىلالمۇ يۇرتىغا ساق-سالامەت قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى زىلال بىلەن زۇمرەتنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىككى ياشنى مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈپ قويغانىكەن.

زالىم دورغا بەدۆلەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلدىن ياغقان نەپرەت، قىساس ئاخىر ئولپاڭ كارىزىنىڭ چوڭقۇر قۇدۇقى ئۆلۈم ئۆيى بولۇپ، يۇرت ئىچى تىنچ-ئامان، خاتىرجەملىك بىلەن ئۆتكەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: رەخمەتۇللا مۇنۇپ تۇرپان قارىغوجا يېزا ئەپەندى 85 ياش.

توپلىغۇچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇت شىنخۇا باسما زاۋۇتى.



# كەلپىنگە چېتىشلىق قەدىمي ئۆتەڭلەر

مامۇت قۇربان

فىنلاندىيەلىك ماننېر ھېيىم، شۋېتسىيەلىك ستەيىنلەر بۇنىڭدىن 100 يىللار بۇرۇن بېسىپ ئۆتكەن يوللاردىكى يەر - جاي ناملىرى ۋە مۇشۇ يوللارنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىم، 1967 - يىلى 1 - ئايدا «ئالاقە باغلاش» ئۈچۈن كەلپىندىن ئاقسۇغا كەلگەن ۋاقتىمدىكى ئۆتەڭلەرنىڭ ناملىرى، 1967 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ۋە 1968 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ئاقسۇدىن كەلپىنگە ئىككى قېتىم پىيادە ماڭغان يوللاردىكى ئۆتەڭلەرنىڭ نامى ئاساسىدا يېزىپ چىقتىم، ئۇ يىللاردا قاتناش ھازىرقىدەك راۋان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋاقىتتىكى يوللار شېغىل، كاتاڭ، تار يوللار ئىدى.

### 1. كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان يول

كەلپىندىن ئاقسۇغا ئېشەك، كالا ھارۋىسى، تۆگە بىلەن ماڭغاندا تۆت كۈنلۈك يول بولۇپ، يېرىمىدىن كۆپرەكى سايلىق، يۇلغۇنلۇق، سۇ يوق ئىدى. 1950 - يىللاردا ئاقسۇ تارىم دەرياسىدىن ئاقسۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىنى بويلاپ «غاللىبېيەت ئۆستىڭى» چېپىلىپ، «يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە 7 - مەيدان»غىچە سۇ باشلاپ كېلىنگەندىن كېيىن، يېڭى «65 - ئاشخانا» ۋە يېڭى «66 - ئاشخانا» قاتارلىق ئۆتەڭ ۋە تاشيول ئاسراش ئۈچاستىكىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ يەرلەر ئاۋات بولۇشقا باشلىدى. كەلپىندىن ئېشەك بىلەن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىققان يولۇچى 1 - كۈنى ئاچال كۆلگە كېلىپ قونىدۇ. 2 - كۈنى تاڭ سەھەردە كۆلدىن يولغا چىقىپ، «چىلان»نى بېسىپ ئۆتۈپ (قاتتىق ئىسسىقتا بۇ ئۇزۇن يولنى بىر كۈندە باسماق قىيىن)، «خاڭگۈك»كە كېلىپ قونىدۇ. بۇ يولنىڭ بەزى جايلىرى سازلىق بولغانلىقى ئۈچۈن «خاڭگۈك»نىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. 3 - كۈنى «سايئېرىق» ياكى «ئاچچىق» (ئايكۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر ساي، قۇرۇق ئۇزۇن تاغلىرىغا تۇتۇشىدۇ) كېلىپ قونىدۇ. 4 - كۈنى «ساقساق» (زاغزاق)نى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇ دەرياسىدىن كېچە بىلەن ئۆتۈپ، شىمال تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، 12– 15 كىلومېتىر يول بېسىپ، «ئونسۇ»غا، 5 - كۈنى ئونسۇ «تۆمۈشۇق»قا قايتىپ بارىدۇ.

ئەگەر ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا بارماقچى بولسا، 1 - كۈنى ئونسۇدىن ئارالغا بېرىپ قونۇپ، 2 - كۈنى ئات بىلەن ئارال كېچىكتىن ئاقيارغا ئۆتۈپ، ئاندىن 3 - كۈنى ئاقياردىن يولغا چىقىپ ئۈچتۇرپان بازىرىغا كىرىدۇ. ئۈچتۇرپاندىن قىرغىزىستانغا «بەدەلئارت» داۋىنىدىن ئۆتۈپ بارىدۇ.

1) **كەلپىن:** ناھىيە بازىرى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، كەلپىننىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىنى «بەر - بەر» تاغلىرى، غەربىي شىمالى تەرىپىنى «قىيىر تاغ» تىزمىلىرى، غەربىي جەنۇب قىسمىنى «خىۋە تاغ» ۋە كەلپىن تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. كەلپىن شىمالىدا «قىر تاغ» ئارقىلىق ئاقچى بىلەن، غەرب تەرىپى ئاتۇش ناھىيەسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى «قارا تېكە تېغى» ئارقىلىق ئۈچتۇرپان بىلەن، شەرق تەرىپى يېڭى «66 - ئاشخانا» (يېڭى ئۆتەڭ يەنى 1966 - يىلى بىنا قىلىنغان) ئارقىلىق ئاقسۇغا چېگرالىنىدۇ. بەزىلەر «كەلپىن» دېگەن سۆز «كەلكۈن»، «كەپىلىك»، «گەمە» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن دەپ قارىماقتا. «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك»دە، «كەلكىن» دېگەن سۆزنى «كەلكۈن» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ كەلپىننىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا قاراپ بېرىلگەن نام بولسا كېرەك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كەل» دېگەن سۆز «گەل» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. 1935 - يىلى تۈزۈلگەن «يەر ناملىرى لۇغىتى»دە «كەلپىن» (Kelpin)، «گالپۇن» (Galpun—) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. كەلپىن خەلقى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا قەدەر «كەلپىن»نى «گالۋۇن» (Galwun) دەپ ئاتىشاتتى. يېقىنقى يىللاردا مارالبېشى تۇمشۇقتىن تېپىلغان 11 - ئەسىرگە تەۋە بىر ھېساپات دەپتىرىدە «كەلپىنلىك شادىغا بىر يۈك بۇغداي بەردىم» دەپ يېزىلغان بىر ھۆججەت بايقىۋېلىندى. مانا بۇ «كەلپىن» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان تۇنجى ھۆججەت بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈشۈمگە ئاساسلانغاندا سەئىدىيە خانلىقى مەغلۇپ بولغان ۋاقىتدا، ئاقسۇ ئونسۇدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان كەلپىنلىكلەرنىڭ بەزىلىرى چېكىنىش يولىدا كەلپىنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، يەنە بەزىلىرى (سەككىز كىشى) يېڭىسارنىڭ «توپىلىق» (توپلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن يەردىن 10 ـ 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇزلۇققا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، جان سانى كۆپىيىپ، كېيىن «توپىلىق»قا كېلىپ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىدۇ. 1958 - يىلى ھۆكۈمەتكە 10 مىڭ مو يەر تاپشۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى «كەلپىن» دېيىشىدۇ. لېكىن ھازىرغىچە «كەلپىن» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ قانداق قىلىپ، «كەلكۈن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىدەك ئىلمىي ئاساس يوق.

«قۇچاكيار» ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىر ئۆتەڭ بولۇپلا قالماي يەنە قەدىمكى شەھەر بويىدىكى ئېقىنلىق بولۇپ، كېيىن سۇنىڭ يالىشى بىلەن يارداڭلىققا ئايلانغان. ئاقسۇ، تۇرپان، ئەتراپلىرىدىن ئاتۇشقا بارىدىغانلار بۇ يەردىن ئۆتمەي قالمايتتى. كەلپىن باغلىقنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى «سايات قەدىمكى شەھىرى» ئەتراپىدىكى يارنىڭ نامى، «كىچىك يار» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشىدۇر.

2) **«ئاچال كىچىك»** كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان قۇم - شېغىللىق يولدىكى كەلپىن «قىزىلقۇم دەرياسى»نىڭ يېيىلىپ ئاققان يېرىدىن ھارۋا، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار بىمالال كېچىپ ئۆتىدىغان يەر «كېچىك» دەپ ئاتىلىدۇ. كەلپىن مازار ئېقىن ۋە «بەل قۇم»دىن ئۆتۈپ، تەخمىنەن 20 كىلومېتىردەك مېڭىپ، شەرقىي شىمال تەرەپ يۈزلىنىشىدە ماڭغاندا، توقاينىڭ بويىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. توقايلىقنىڭ بويىدىكى يار (يارنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 ـ 25 مېتىر) ئاستىدا بىر نەچچە يەردە يار ئاستىدىن چىققان سۇلار «كۇكۇل بۇلاق» (تاتلىق سۇ بۇلاقلىرى)لىرىنى پەيدا قىلىپ، «قىزىل قۇم دەرياسى»غا قوشۇلىدۇ. بۇ دەريا سۈيى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە ئېقىپ، ئاچال، كۆل، چىلان خەلقىنى سۇغىرىدۇ. «قاغىناق جىلغىسى»نىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە سۇنىڭ يېيىلىپ ئاققان يېرىدىن ھارۋا، ئېشەك، تۆگىلەر كېچىپ ئۆتەلىگەچكە بۇ يەر «ئاچال كېچىك» ياكى «كېچىك» دەپ ئاتالغان. بۇ كېچىك كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولدىكى باسمىسا بولمايدىغان قىيىن يەردۇر.

3) **«كۆل»** كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان قۇم - دۆۋىلىك يولدىكى ئاچال بىلەن چىلان ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. ئاچال بىلەن ئارىلىقى 10 ـ 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەر سەل ئويمان. «قىزىل دەريا» سۈيى ئېقىپ، يىغىلىپ «كۆل» بولۇپ قالاتتى. 19 - ئەسىردىن بۇرۇن بۇ يەر قويۇق توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، قومۇشلۇق ئىدى. كېيىن كەلپىندە ئادەمنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بۇ يەرگە ئادەملەر كۆچۈپ كېلىپ ئۆستەڭ چېپىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سۇ باشلاپ دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى «كۆل» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

4) **«چىلان ئۆتەڭگى»**. بۇ ئۆتەڭ «چىلان»نىڭ شەرقىدىن 6 كىلومېتىر يىراققا جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر ئۆتەڭ بولۇپ بازىرىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 400 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە 12 رەتتىن ئارتۇق ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، خېلى كۆپ ساندىكىلىرى كۆك سېغىزدا سۇۋالغان، بەزىلىرى گەجلەنگەن. بۇ ئۆتەڭ ئاقسۇدىن قەشقەر، خوتەنگە (ياكى خوتەن، قەشقەردىن ئاقسۇغا) بېرىشتىكى ئەڭ چوڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، كېچە - كۈندۈز يولۇچى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. سۇنىڭ قىسلىقى، يول لىنىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن 1950 - يىلىدىن كېيىن بۇ ئۆتەڭ ئاستا - ئاستا ئەمەلدىن قالدى.

5) **«ئاچچىق»** كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان قۇم - شېغىللىق يولدا ئايكۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىدە «قۇرۇق ئۆزۈن» تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن ئېقىپ چىقىدىغان بىر ئېرىق سۇ بولۇپ، بۇ سۇ ئاچچىق بولغاچقا، «ئاچچىقنىڭ سۈيى» دېيىلسە، بۇ يەر «ئاچچىق» دېيىلىدۇ. سۇنىڭ ئېقىشى تېز ھەم قىش - ياز ئېقىپ تۇرغاچقا ئەينى ۋاقىتتا ئايكۆل خەلقى سۇنى شېرىنگە ئېلىپ بۇ سۇغا 30 نەچچە تاش تۈگمەن چۆرىدىگەن، بۇ تۈگمەنلەر ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئۇن تارتىش ھاجىتىدىن چىقىپلا قالماي، بەلكى مارالبېشى، ئاۋات، كەلپىن، ئاچال، چىلان كىشىلىرىنىڭ ئۇنغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى. 1960 - يىللىرىدىن باشلاپ بۇ يەردىكى تۈگمەنلەر تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان، خەۋەرلەردىن قارىغاندا ھازىرمۇ بىر نەچچە تاش تۈگمەن مېڭىۋاتقانلىقى مەلۇم.

6) **«ساجىگزى»** بۇ كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولدىكى شورلۇق، پاتقاقلىق يەرنىڭ نامى. بۇرۇن بۇ يەردىن ئەتىياز، كۈز مەزگىللىرى ئادەم مېڭىش، ھارۋا مېڭىش قىيىن بولۇپ، پۈتۈنلەي قومۇشلۇق، يۇلغۇنلۇق، توغراقلىق ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بۇ يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈشكە باشلىغان. چىلان بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 ـ 25 كىلومېتىر كېلىدىغان «خاڭگۆك» دېگەن يەردىلا دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىر قەدەر بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، بۇ يەردە ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر ئولتۇراقلاشقانىدى. ئاساسەن گۆرۈچ تېرىلاتتى. 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ بۇ يەرلەر كەڭ تۈردە ئېچىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈلۈشكە باشلىدى. «ساجىگزى»دىن «شۇلتا» (ناترىي كاربونات ۋە باشقا تۇزلارنىڭ ئارىلاشمىسى) كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن، «شۇلتا قۇدۇق» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئىسىم بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا قاراپ بېرىلگەن. بەزىلەر بۇ يەرنى «شۇتقۇدۇق» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ سۆز «شۇلتا قۇدۇق» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى.

7) **«سايئېرىق»** كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولدا ئايكۆل يېزىسىغا قاراشلىق «سايئېرىق» دېيىلىدىغان بىر كەنت بار، «سايئېرىق» ، «قۇرۇق ئۆزۈن تاغ»لىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى، ئايكۆل تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. پىيادە ماڭغاندا تەخمىنەن ئىككى - ئۈچ سائەتلەردە ئايكۆلگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن 300 يىللار بۇرۇن ئايكۆل خەلقى ۋە كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ساي تەرەپتىن بىر ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ، تېرىقچىلىق قىلغان، شۇنىڭدىن بېرى بۇ يەرنىڭ نامى «سايئېرىق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

8) **«ئايكۆل»** ئاقسۇنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى بولۇپ، ئاقسۇ بىلەن ئارىلىقى 30 ـ 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەردە قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. نۇرغۇن قەدىمىي مازارلار بار. يەر شارائىتى سەل ئوي بولۇپ، خۇددى ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرغان كۆلگە ئوخشاپ كەتكەچكە «ئايكۆل» دەپ ئاتالغان.

9) **«ساقساق»** كەلپىندىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولدىكى بىر ئۆتەڭنىڭ نامى. ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ شەرق شىمالىي تەرىپىدىكى كىچىك بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ، «غالىبىيەت ئۆستەڭگى» بۇ كەنتنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. يەر شەكلى ئايكۆلدىن سەل ئېگىز. ئايكۆلدىن شەرق شىمال تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن بەش - ئالتە كىلومېتىر ماڭغاندا، «ساقساق» دېيىلىدىغان كەنت چوڭ يول بويىغا جايلاشقان، بۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە شېغىللىق - قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق «زاغزاق» دېيىلىدىغان، ئېقىش رەڭلىك، كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق چاتقال ئۆسىدۇ. بۇ يەرنىڭ نامى شۇ چاتقالنىڭ نامىدا «ساقساق»

دەپ ئاتىلىپ قالغان. «ساقساق» ئەسلىدە «زاغزاق» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشىدۇر. «ساقساق» ئايدىڭكۆلنىڭ شىمالىي تەرىپى «قۇرۇق ئۇزۇن تاغلىرى»غا چېگرالىنىدۇ. يەرلىرىدە «زاغزاق» ئۆسىدۇ.

10) زاغزاق. بۇ غولى ئاق رەڭدە، يۇلغۇن ياكى قوي كۆرىكى تىپىدىكى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق چاتقال. بۇ خىل چاتقال كەلپىن تاغلىرىدىكى قۇرغاق جىلغىلاردا، كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ جىلغىلىرىدا، ئاقسۇ ئايكۆلدىكى ساي بويلىرىدا، مارالبېشىدىكى «داۋزى تاغ» ئەتراپلىرىدىمۇ ئۆسىدۇ. يەردىن ئۈنۈپ چىقىپ بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئەتراپىغا قۇم يىغىلىپ نەملىك ساقلاپ بەرگەچكە، ئۇزۇن غوللىرى بىر مېتىرغىچە ئۆسۈپ يەر بېغىرلاپ يوغىنايدۇ. يىپىنچا ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ۋە ياش نوتىسىنى توشقان، جەرەن، قويلار يەيدۇ. ئوت دەپتى كۈچلۈك. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرى كەلپىنلىكلەر ئۇنى ئوتۇن ئورنىدا ئىشلەتكەن.

11) «ئاقسۇ» ئاقسۇ تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دەريا دېلتىسىغا جايلاشقان بىر ئۆتەڭنىڭ نامى، جەنۇب تەرەپتىن ئاقسۇغا بارىدىغان كارۋانلار بۇ يەردىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس. خوتەن، قەشقەردىن يولغا چىققان كارۋانلار، هارۋا، ئات، تۆگىلىرىنى ئاقسۇ دەرياسىدىكى كېمىگە سېلىپ، شىمالغا قاراپ 10 ـ 15 كىلومېتىر ماڭسىلا «ئونسۇ»غا كىرەتتى.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە هازىرقى ئاقسۇ «قۇم» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى چاغلاردا ئاقسۇ شەھەرىنىڭ ئورنى «ئاسۇق» دەپ ئاتالدى. 1883 ـ يىللىرى قەدىمكى «ئاسۇق» مەھەللىسىگە يېڭى قەلئە ياسىلىپ، بۇ يېڭى قەلئەنىڭ نامى «ئاقسۇ يېڭىشەھەر»، «ئونسۇ»نىڭ نامى «ئاقسۇ كونىشەھەر» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن بېرى «ئاقسۇ» (سۈيى ئاق) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

12. «يىرما» بۇ ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئونسۇ چېگراسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. ئىگەچى يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ كەنت «توشقان دەرياسى» بىلەن «قۇمئېرىق دەرياسى» قوشۇلىدىغان دەريا ئاچىلىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «يىرما» دەپ ئاتالغان بولۇپ، تىلىمىزدا «ئاچال» دېگەن مەنىدە.

### 2. كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان قەدىمىي ئۆتەڭلەر

كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان ئۈچ يول بولۇپ، ئېشەك ۋە تۆگە بىلەن ماڭىدىغان يوللار ئوخشىمايتتى.

1) **يول:** ئەگەر هاۋارايىدا ئۆزگىرىش بولمىسىلا، كەلپىندىن ئەتىگەن سائەت تۆتلەردە يولغا چىقىپ، كەلپىننىڭ شىمالىدىكى «قىسىل» (ئىككى تاغ ئوتتۇرىسى) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ جەمئىي 30 كىلومېتىردەك يول يۈرۈپ «تېرەكئاۋات» قونالغۇسىغا يېتىپ بارىدۇ. ئەگەر ياز كۈنلىرى بولسا ئەتىگەن ماڭغان يولۇچىلار «تېرەكئاۋات»تا قونماستىن «قورام - دونە» ياكى «چېكىنلىك سۈيى»گە بېرىپ قونىدۇ. 2 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچ - تۆتلەردە بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، «قارا ئۆتۈك» ياكى «ئۆڭكۈر ئۆتۈك»كە كېلىپ، ئۇلاقلارغا يەم - خەشەك بېرىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ 3 ـ كۈنى ئۇچتۇرپان جىگدىلىككە ـ قىزىل بايراققا يېتىپ كېلىدۇ.

2) **يول:** 1 ـ كۈنى، كەلپىننىڭ غەربىي شىمالىدىكى يول (توقاينىڭ شىمالى تەرىپىدىكى يول) ئارقىلىق مېڭىپ، ئاچال كىچىكتىن ئۆتۈپ، ئاچالنىڭ كۆل كەنتىگە كېلىپ قونىدۇ. بۇ ئارىلىق تەخمىنەن 45 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2 ـ كۈنى كۆلدىن يولغا چىقىپ «ئىنگەن»دە قونىدۇ، 3 ـ كۈنى «ئىنگەن»دىن يولغا چىقىپ «قۇرۇق ئۇزۇن تاغ»لىرىنى بويلاپ مېڭىپ ئاقيارغا كىرىدۇ؛ 4 ـ كۈنى ئاقياردىن يولغا چىقىپ «ئاچا تاغ»دىن ئۆتۈپ ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىغا بارىدۇ.

3) **يول:** قىش كۈنلىرى بۇ يولنى تۆگە بىلەن مېڭىش توغرا كەلسە، ئۇ هالدا كەلپىندىن چىققان كارۋان بىرىنچى كۈنى «تېرەكئاۋات»تا قونىدۇ، ئەگەر بۇ يولنى ياز كۈنلىرى تۆگە بىلەن مېڭىش توغرا كەلسە، ئۇ هالدا «قايچا» ياكى «يار ئۆتۈك» دېگەن ئۆتەڭدە قونىدۇ. بۇ ئۆتەڭلەردە كەلپىنلىك چارۋىچىلار بولۇشتىن سىرت، قىرغىز چارۋىچىلارمۇ بولۇپ، قىرغىز چارۋىچىلار كەلپىنلىكلەرنىڭ چارۋىسىنى باقاتتى. 2 ـ كۈنى «هېيت تېكە سېيى»نى بېسىپ ئۆتۈپ داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ «قاپاق سۈندى»غا بارىدۇ. «قاپاق سۈندى» تار ئۆتكەل بولۇپ، «ئاتان تۆگە» (يۈكلۈك تۆگە) ياكى يۈكلۈك ئات قېچىرلار بۇ يەردىن ياندىشىپ ئۆتەلمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئاراچنى سەل كېڭەيتتى. «قاپاق سۈيى»دىن ئۆتۈپ، «بەل داۋان»غا باردۇ. «بەل داۋان»نىڭ ئىككى تەرىپىدە قىرغىز مالچىلار بولۇپ، ياز كۈنلىرىدە يولۇچىلار بۇ يەردە قونىدۇ، قىش كۈنلىرىدە مالچىلار بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، يولۇچىلار نەدە قىرغىزلار بولسا شۇ يەردە قونىدۇ. 3 ـ كۈنى ئەتتىگەن سەھەردە يولغا چىقىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئېغىر ياتقۇغا ئۇچتۇرپان «جىگدىلىك»كە باردۇ. ئەگەر ئۇچتۇرپاندىن كەلپىنگە قوي ھەيدەپ كېلىش توغرا كەلسە ئۇ ھالدا بۇ بەش كۈنلۈك يول.

4) **«تېرەكئاۋات»** بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر ئۆتەڭ. كەلپىن بازىرىدىن يولغا چىقىپ، «قىسىل» تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن 30 كىلومېتىردەك ماڭغاندا «تېرەكئاۋات» قونالغۇسىغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەر ئىككى تاغ ئارىسىدىكى كىچىك بىر تېرىلغۇ مەيدانى، بۇ يەردە 20 دىن ئارتۇق ئائىلە ئولتۇراقلاشقان، سۈيى مول. ھاۋاسى ياخشى. 1976 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ يەرگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ يەردە تېرەك كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن «تېرەكئاۋات» دەپ ئاتالغان.

5) **«قورام ـ دۆنە ئۆتىڭى» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر ئۆتەڭ.** «قورام» تېرەكئاۋات تاغ كەينىنىڭ تەخمىنەن ئون كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. قورامنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تاغلار بار. قورام تاشلار ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان بۇلاق سۈيى شارقىراتمىنى پەيدا قىلغان. بۇلاق سۈيى يېنىدا تەخمىنەن 800 يىللىق تارىخنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر تۈپ قېرى سۆگەت دەرىخى بار. بۇ يەر قورام تاشلىق يەر بولغاچقا، «قورام» دېيىلىپ، قورام تاشنىڭ نامىدا ئاتالغان.

6) **«دۆنەن بۇلاق»** كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر قونالغۇنىڭ نامى. كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. كەلپىن بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 29 كىلومېتىر. «دۆنە» بىلەن «قورام»نىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە 15 مو كېلىدىغان باغ بار. بۇ باغ ئىچىدە تەخمىنەن 5.1 مو يەرگىچە يېيىلىپ ياتقان 800 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بىر قېرى سۆگەت بار. «دۆنەن» يەنە «دۆنە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

7) **«چىكىنلىك سۈيى»** بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يولدىكى بىر ئۆتەڭ. ياز كۈنلىرىدە كەلپىندىن چىقىپ «تېرەكئاۋات»تا قونىدۇ ياكى كەچكىچە مېڭىپ «چىكىنلىك سۈيى»گە يېتىپ كېلىدۇ. تاغ چېكىسىدىن چۈشكەن سۇ تاغ ئارىسىدا بىر دەريا پەيدا قىلغان. ئەگەر يامغۇر ياغسا بۇ دەريانىڭ سۈيى كۆپىيىپ قاتناش بىر ـ ئىككى كۈن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. تاغ باغرىدا قىرغىزلار قوي باقىدۇ، كەلپىنلىك چارۋىچىلاردىن قوي باقىدىغانلىرى ئاز. «چىكىنلىك سۈيى»نى كىشىلەر «چېگىنلىك سۈيى»دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ سۇ ئەسلىدە تاغ چېكىسىدىن چۈشكەن بولۇپ، «ك» ھەرپىنىڭ ئورنىدا «گ» ھەرپىنى ئىشلىتىش قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى.

8) **«قاقۇر تاغ جىلغىسى»** بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يولدىكى بىر ئۆتكەل. بۇ جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاقاس، تاغلار بولغاچقا بۇ جىلغا «تاقىر تاغ جىلغىسى»، «قاقاس تاغ جىلغىسى»، قاقىر تاغ جىلغىسى» دېگەن مەنىلەردە.

9) **«بەلتۆپە تاغ ئېغىزى»** كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يولدا «بەل تۆپە داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆتكەل بار. بۇ ئۆتكەلدە بىر ـ بىرىدىن ئېگىز كەتكەن ئۈچ قەۋەت تاغ تىزمىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2850 — 3000 مېتىر كېلىدۇ. «بەل تۆپە» دېگەن سۆز «ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىدىكى بەل»، «ئېگىزلىكتىكى داۋان» دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ.

10) **«كۆپخاك ئاي تاغ ئېغىزى»** كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر ئۆتكەل. بۇ ئېغىزنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ھېچقانداق دەريا يوق، غەربىدە قىزىل تاغ تىزمىسى، شەرق تەرىپىدە «بەلتاغ» بار. بۇ ئېغىز يېرىم ئاي شەكلىدىكى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى خۇددى تونىلغا كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يولدىكى «كۆپخاك ئاي تاغ ئېغىزى» ئوخشاپ كېتىدىغان ئاراچ بولۇپ، بۇ ئاراچ ناھايىتى چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ بولغاچقا، يولۇچىلار ئۇ يەرنى كۆپ ۋە ئايغا ئوخشىتىپ، «كۆپخاك ئاي تاغ ئېغىزى» دەپ ئاتىغان. «كۆپ» قەدىمكى

ئۇيغۇر تىلىدا: «چەينەك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «چەينەك ئېغىزلىق تاغ ئېغىزى»، «قورساقلىق تاغ ئېغىزى» دېگەن مەنىلەردە.

11) «قۇرۇق ئۆزۈن تېغى» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يولدىكى تاغ تىزمىسىنىڭ نامى. «قۇرۇق ئۆزۈن تېغى» ئىنگەن تاغلىرىنىڭ شەرقى ئۇچىدىكى تۆت كىلومېتىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يەردىن باشلىنىدۇ. غەرب تەرىپى بەر - بەر تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشىدۇ. «قۇرۇق ئۆزۈن تېغى» بەزى كىتابلاردا «قۇدۇغۇن تېغى»، «قۇرغۇجۇن تېغى» دەپ ئېلىنغان بولسا، بەزى كىتابلاردا «قۇرۇق ئۆزۈم تېغى» دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ تاغ ئەسلىدە قۇرۇق، ئۆزۈن ۋە چۆل تاغ بولغاچقا «قۇرغۇجۇن تېغى» دېگەن سۆز «قۇرۇق ئۆزۈن تاغ» دەپ ئېلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

12) «سانتۇل - ئۆتەكتۇل» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولدىكى بىر قونالغۇنىڭ نامى. سۇ بېشى كەنتىنىڭ بىر دېھقانچىلىق نۇقتىسى. 35 مو تېرىلغۇ يېرى بار. ئون مو مېۋىلىك باغ بار. بۇ يەردە كەلپىنلىكلەردىن باشقا قىرغىزلارنىڭ قوۋمىسىدىن «ھىتامان» قوۋمىدىكىلەر (90 ـ 100 ئۆيلۈك چارۋىچى)، «سانتۇل» قوۋمىدىكىلەر (130 ئۆيلۈك چارۋىچى)، «چۆلا» قوۋمىدىكىلەر (90 ئۆيلۈك چارۋىچى) بار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرگە كەلپىنلىكلەردىن ئىككى بەگ، قىرغىزلاردىن ئۈچ بەگ تەيىنلەپ باشقۇرۇپ كەلگەن.

13) «سارەم بۇلاق» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغلىق يولدىكى بىر قونالغۇ. سۇ بېشى كەنتىگە قاراشلىق بىر مەھەللە. بۇلاق سۈيىنى چارۋىچىلار ئىچەدۇ، يەر سۇغىرىشقا يېتىدۇ. 300 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر، 20 مودىن ئارتۇق مېۋىلىك باغ بار. «سارەم» دېگەن سۆز «ئېگىزلىك» دېگەن مەنىدە بولسا، «سارەم بۇلاق» دېگەن سۆز «ئېگىزلىكتىكى سۈزۈك بۇلاق»، «باشتىكى بۇلاق» دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ.

14) «تۆگكۆز بۇرۇن» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغلىق يولدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى. بەل تۆپە ئۆتكىلىگە بارىدىغان يولدا بىر كىچىك دەريا يولى بار، بۇ دەريا يولىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ماڭغاندا، ئاق تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى چوققىسى ئارىلىقىدىكى دەريا قىنىنىڭ سەل شىمالىدىكى بىر بۆلەك تاغ خۇددى تۆگكۆزنىڭ بۇرنىغا ئوخشىغاچقا، بۇ تاغ «تۆگكۆز بۇرۇن» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر خارابىمۇ بولۇپ، بۇ ئۆتكەلدە ئەسلىدە بىر قاراۋۇلخانا بولغان.

15) «يار ئۆتۈك» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى. بۇ ئۆتكەلنىڭ بىر تەرىپى يار بولغاچقا «يار ئۆتۈك» دەپ ئاتالغان. «يار ئۆتۈك»، «يار ئۆتكەل» دېگەن مەنىدە.

16) «قايچىغان» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولدىكى بىر تاغ ئېغىزىنىڭ نامى. تاغ ئېغىزى شىمالدىن جەنۇبقا قارايدۇ. شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە جايلاشقان. ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر. گومىنداڭ ۋاقتىدا بۇ يەرگە قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇپ ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. بۇ يەردىكى تاغ يوللىرى خۇددى قايچىغا ئوخشاش بولغاچقا، بۇ ئۆتكەل ئەسلىدە «قايچىلانغان» دەپ ئاتالغان. «قايچىغان» دېگەن سۆز «قايچىلانغان» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى. ئۇچتۇرپان تەزكىرىسىدە «قايچا» دەپ ئېلىنغان. «قايچىغان» تېغىدىن چۈشىدىغان سۇ «قايچىغان» دەرياسىنى ھاسىل قىلغان.

17) «قارائۆتۈك» ياكى «قارا ئۆڭكۈر ئۆتۈك» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى. بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئىنتايىن قىيىن بولغانلىقتىن، بۇ ئۆتكەلنى «قارا ئۆتۈك» (يامان ئۆتكەل) ياكى «قارا ئۆڭكۈر ئۆتۈك» (ئۆڭكۈردەك چوڭقۇر ئۆتكەل) دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ.

18) «ئىنگەن تاغ تىزمىسى» بۇ كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يولدىكى چۆلتاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تاغ ئارىسىدا «ئىنگەن كەنت» بار. شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن تەدرىجىي غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلغان. بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا «كونا چىلان»غا بارغىلى بولىدۇ. «ئىنگەن» دېگەن سۆز، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىندىگەن» (ئېچىشكەن) دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنگەن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېگىز، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى پەس بولۇپ، ئالدىغا ئېچىشكەن بولىدۇ. بۇ جۇغراپىيەلىك شارائىتقا قاراپ بېرىلگەن نام. خەلق ئىچىدە «قايمال تۆگە»نى «ھىنگان تۆگە» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



19) **«قاپاق سۇندى»** بۇ كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى. يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەن ۋاقتىدا ئىشەككە تېڭىپ قويغان قاپاق سۇنۇپ سۈيى تۆكۈلۈپ كەتكەچكە بۇ يەرنىڭ نامىنى «قاپاق سۇندى» دەپ ئاتاپ قويغان، شۇنىڭدىن بېرى يەرنىڭ نامى «قاپاق سۇندى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

20) **«قارا تېكە تاغ تىزمىسى»** بۇ ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ نامى. بۇ ئۈچتۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى مەشھۇر تاغ، بۇ تاغ ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىز. بەر - بەر تېغىدىن ئۆتسە يول ياقىسىدا «قاراتېكە تېغى»، «توسما تېغى» ۋە «باش ئاقما تاغ»لىرى بار. بۇ تاغدا قارا تېكە كۆپ بايلىغانلىقى ئۈچۈن «قاراتېكە تېغى» دەپ ئاتالغان.

21) **«باش ئاقما تاغلىرى»** بۇ ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ نامى. بەر - بەر تېغىدىن ئۆتسە يول ياقىسىدا «قارا تېكە تېغى»، «توسما تېغى» ۋە «باش ئاقما تاغلىرى» بار. «باش ئاقما تاغلىرى»دا «باش ئاقما قاراۋۇلخانىسى» بار. شەرقتە ئۈچتۇرپان بازىرىغا 45 كىلومېتىر، غەربتە قەشقەر بىلەن چېگراداش، شىمالدا بەدەلئارت داۋىنىغا بەش كىلومېتىر، «باش ئاقما تاغلىرى»دا «باش ئاقما دەرياسى» بار. «باش ئاقما دەرياسى»نىڭ سۈيى «باش ئاقما تاغلىرى»دىن چۈشىدۇ.

22) **«سۈيۈتقا بۇلاق»** كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان بىر بۇلاقنىڭ نامى. «سۈيۈتقا بۇلاق» ئۈچتۇرپان ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ «سۈيۈتقا» دېيىلىدىغان بىر كەنتىدە. بۇ بۇلاقنىڭ كۆلىمى ئۈچ مو بولۇپ، ئەتراپى سۆگەت بىلەن قاپلانغان. سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېرىقتا ئېقىن پەيدا قىلغان. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ئېغىزلىق مچىت بار. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە سۆگەت ئۆسكەن. ئادەمنىڭ قۇچقى يەتمەيدىغان يوغان سۆگەتلەر بار. ئۇلارنى ئىچىدىكى بىر تۈپ سۆگەتنىڭ يېتىپ قالغان قىسمىدىن يەنە بىر تۈپ سۆگەت ئۆسۈپ چىققان دەپ قارىلىدۇ. سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۇ سۇنى يولۇچىلار ئىچىدىكەن. ئەگەر يولۇچىلار سۇغا مەينەت نەرسە تاشلىسا، ئۇ ھالدا شۇ كىشىنى پالاكەت باسىدىكەن. يولۇچىلار سەگدەپ ماڭىدىغان يەر، «سەگدەش بۇلىقى» دېگەن مەنىدە.

23) **«توسما تېغى»** بۇ ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان يولدىكى ئادەم يولنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغنىڭ نامى. بۇ خۇددى «توسما» (تۇغان) ئوخشاپ كەتكەچكە «توسما تېغى» دەپ ئاتالغان.

24) **«قۇمئاتلاق تاغ»** بۇ كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. بۇ تاغ «تۆۋەن تاغ»، «قىزىل تاغ» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. جۇغراپىيەلىك شارائىتتىن ئالغاندا بۇ تاغنىڭ كۆپ قىسمى قۇمغا كۆمۈلۈپ تۇرىدىغان، «قۇم ئارتىلىپ تۇرىدىغان تاغ» بولغاچقا. «قۇمئاتلاق تاغ» دېيىلىدۇ. بەزەن كىتابلاردا «كۇماتراق تاغ» دەپ ئالغان، بۇ سۆز «قۇمئاتلاق تاغ» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى.

25) **«بەل تاغ»** قۇمئاتلاق تاغنىڭ شىمالىي تەرىپى ھەم شۇ تاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمى «بەل تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. بەل تاغ ئەتراپىدىكى ئېدىرلىقلاردا «زاغزاق» كۆپ ئۆسىدۇ.

26) **«قاقە جادە تاغ تىزمىسى»** بۇ چوقا ئۈچتۇرپاندىن كەلپىنگە بارىدىغان تاغلىق يولدا قەت كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئاچا تاغ يېزىسىنىڭ «سار بەل» كەنتىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان «قارا تېكە تاغ تىزمىسى»دىكى «قاقە جەدە تاغ چوققىسى»نى كۆرسىتىدۇ. ساربەلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كەڭ كەتكەن تاغلىقتا قاراپ مېڭىپ، تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە «قاقە جەدە تاغ چوققىسى» سەل يانتۇلىشىدۇ، ناھىيە بازىرىغا 27 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئۈستى خەتەرلىك، خۇددى تۆۋرۈككە ئوخشايدىغان خادا تاشلار كۆپ. ئۇلار تاش قۇۋۇق، ئۇستەل، ئورۇندۇق، كارىۋات، ئۆيۈققا ئوخشاش شەكىللەرنى پەيدا قىلغان، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: تاغ ئۈستىدە نۇرغۇن گۆھەر ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلەر بولۇپ، كىشىلەر بۇ بايلىقنى كۆزلەپ تاغقا ياماشقان بولسىمۇ، لېكىن تاغنىڭ بېلىگە كەلگەندە، شۇئرغان چىقىپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالارمىش. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇ يەرنى «ئېگىز چوققىدىكى جىن - ئالۋاستى تاغ»، «ئاسماننىڭ قەھرىدىكى جىنلىق تاغ»، «ئاسماننىڭ قەھرىدىكى سېھىرتاغ» دەپ ئاتىغان. بۇ يەر يەنە

2016.5

«يايلاقتىكى قەلئە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جىلغىدا كۆرۈنۈپ قالغان قورام تاشلار ئاساسەن قىزىل رەڭلىك تاشلاردىن ئىبارەت. بۇ يەردە تاڭ دەۋرىدە بىر قاراۋۇلخانا بولغان.

27) **«ساي تاقاق»** ئۈچتۇرپاندىن كەلپىنگە باردىغان چۆل يولدىكى كەگرى كەتكەن شېغىللىق، ئۇزۇن سايلار ئادەمنىڭ يولنى توسۇپ تۇرىدۇ، بۇ «ئىشتىنىڭ سېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سايلىق ئادەمنىڭ يولىنى باغلاپ تۇرغاچقا، كىشىلەر بۇ يەرنى «ساي تاقاق» (ساي ئىشىك) دەپ ئاتىغان.

28) **«سايران مازىرى»** ئۈچتۇرپاندىن كەلپىنگە باردىغان تاغ يولىدا يەر ئاستى سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، بۇلاق يېنىدا «سايران مازىرى» دېيىلىدىغان بىر مازار بار. «سايران مازىرى» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «ئېگىزدىكى مازار»، «كۆكتىكى مازار»، «سۈزۈك سۇلۇق مازار» دېگەن مەنىلەردە.

29) **«ئەۋلىيا سۇلتان ئۇراز ئاتا مازىرى»** ئۈچتۇرپاندىن كەلپىنگە باردىغان يولدا، خۇددى شىپاڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاغ باغرىدا «ئەۋلىيا سۇلتان ئۇراز ئاتا» دېيىدىغان بىر داڭلىق يەر بار. بۇ يەر سالقىن، چىرايلىق بولۇپ، بۇلاق سۈيى بار. بۇ سۇ كىچىك بىر ئېرىقنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ سۈيى يېقىن بولغاندا كەلپىن ئاچالغا، ئەڭ يىراق بولغاندا چىلان ئۆتەڭگىچە ئېقىپ بارالايدۇ.

30) **«قۇرۇمبۇگۇز جىلغىسى»** ئۈچتۇرپاندىن كەلپىنگە باردىغان يولدىكى قاراتاشلىق بىر جىلغا بولۇپ، كەلكۈن سۈيىنىڭ يالىشىدىن پەيدا بولغان بۇ جىلغا ئىچى قۇم، شېغىل ۋە تاغ جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان. تىك يارنىڭ بەزى يەرلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1000 مېتىر كېلىدۇ. «قۇرۇمبۇگۇز جىلغىسى»دا بىر كىچىك ئېرىق بولۇپ، بۇ ئېرىق سۈيى «تېرەكئاۋات»تىكى يەرلەرنى سۇغىرىپ، ئاشقىنى ئۇزاققا بارمايلا شېغىللىققا سىڭىپ ئۆتۈپ، ئاندىن ھەيۋەتلىك «تاش قوۋۇق» ئارقىلىق تېرەكئاۋاتنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىر جىلغىدا توسۇلۇپ قالىدۇ. «قۇرۇمبۇگۇز جىلغىسى»نىڭ جۇغراپىيەلىك يەر شەكلىدىن قارىغاندا «قورام تاشلىق ئېقىن» دەپ ئاتىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. «قۇرۇم» دېگەن سۆز «قورام تاش» دېگەن مەنىدە. «قۇرۇمبۇگۇز»دىكى «بۇگۇز» دېگەن سۆز ئەسلىدە «ئۇگۇز» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «ئېقىن، دەريا» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. «قورام تاشلىق ئېقىن» دېگەن مەنىدە.

31) **«قۇمئېرىق دەرياسى»** ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا باردىغان يولغا جايلاشقان قۇم دەرياسىنىڭ نامىدۇر. «قىرمىش ئاتام مازىرى»نىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ سۈيى گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن سۈيى تېز ئاققاچقا، كېچىپ ئۆتۈش مۈمكىن ئەمەس ئىدى. قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ «كۆك بۆرە»، «گۆر سۇ»، «تۆمۈر سۇ»، «قاشلاي» دەپ ئاتىلىدىغان تارماقلىرى بار. ھازىر بۇ دەرياغا زامانىۋى كۆۋرۈكتىن ئىككىسى سېلىندى.

32) **«چالكويدى ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقى»** ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا باردىغان يولدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ نامى. سارىبەلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئون كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن «چالكۆيدى» چارۋىچىلىق مەيدانىغا كەلگىلى بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6700 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەردىكى بىر كىچىك قورام تاشلىق تاغنىڭ چوققىسىدا قوپال ياسالغان «ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقى» بار. بۇ قەبرە تاغ چوققىسىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئۇ يەردە ناھايىتى تىك يار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىخلاسمەن قىرغىزلار ئۇ يەرنى قەدىمكى «قاز ئاتا»نىڭ سىمۇولى دەپ قارايدۇ. بۇ ئەسلىدە بىر «تاش بالبال» (سىنتاش) بولۇپ، ئادىدىي تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، «چالكۆيدى» دېگەن سۆز ئەسلىدە «چالا كۆيدى» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى.

33) **«ئاقيار»** كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا باردىغان بىر يېزىنىڭ نامى. ناھىيە بازىرىغا 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاقسۇ شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 54 كىلومېتىر. ئاقيار «قارا تېكە تېغى» ئارقىلىق كەلپىن بىلەن چېگرالانسا، غەربىي تەرىپى «ئاچا تاغ» يېزىسى، شىمالىي تەرىپى ئونسۇ ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئاقيارنىڭ «ئۆپكە»، «تاغارچى»، «كۆچۈرمە»، «تومەن»، «خاڭدى»، «ئەسكى» دېگەن كەنتلىرى بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت «كۆچۈرمە»گە جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ نامى ئەسلىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئاقيار بازىرىغا تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئاقيار-نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ياردائىلىقنىڭ نامى بولۇپ، يار دائىلىقنىڭ ئاستىدا دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى بار.

34) «ئاچا تاغ» كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. ناھىيە بازىرىغا 32 كىلو-مېتىر، ئاچا تاغدا «ئاچا تاغ قاراۋۇلخانىسى» بولۇپ، نا-ھىيە بازىرىدىن شەرققە قاراپ 80 چاقىرىم ماڭسا «ئاچا تاغ قاراۋۇلخانىسى»غا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ناھىيە باز-رىدىن 110 چاقىرىم ماڭسا كەلپىن چېگراسىغا يېتىپ بارغى-لى بولىدۇ. «ئاچا تاغ»نىڭ «يار باغ»، «يانخى (يانقىر)»، «مازار باغ»، «توقسۇن»، «يېڭىسار»، «قا-راغۇجا»، «سۇرگۇن»، «ئويتۇر» دەيدىغان كەنتلىرى بار. چيەنلۇڭ ۋاقتىدا بۇ يەرگە تۇرپاننىڭ «ياڭخى» (يانقىر) دېگەن يېرىدىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. تۇرپان يانقىرلىقلار ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش يۈزىسى-دىن بۇ يەرنى «ياڭخى» دەپ ئاتىغان. بۇ يەرنىڭ نامى ئەسلىدە «ئاچا تاغ» ئىدى.

كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان يەنە مۇنداق يول-لارمۇ بار: تېرەكئاۋات — لاله تاغ (تاقا تاغ) — قوۋان بۇلاق — دۆنە — ئۈچتۇرپان بەدىلىك ساي — قوش داۋان.

ئەرەمجان — تۇيۇق — قارا تېكە تېغى — ئىدىق — قورولساي — ئۈچتۇرپان.

### 3. كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان يول

كەلپىندىن مارالبېشى تۇمشۇققا بارىدىغان يولدا بىر يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە يولۇچىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. كەل-پىندىن مارالبېشىغا بېرىشتا كەلپىن ئارقا شەھەرنى كېسىپ ئۆتۈپ تەخمىنەن 70 كىلومېتىر مېڭىپ مارالبېشى چېگراسى-غا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئومۇمىي يول ئۇزۇنلۇقى تەخ-مىنەن 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. كەلپىندىن مارالبېشىغا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ: 1 - يول: 1 - كۈنى كەلپىندىن چىققان يولۇچى دالاشورنى بېسىپ ئۆتۈپ «چوكان ئۆلدى» (يات قۇدۇق دەپمۇ ئا-تىلىدۇ)قا. 2 - كۈنى «ئاقتام» (تۇمشۇق بازىرى)غا يېتىپ بارىدۇ. 2 - يول: كەلپىن ئاچالدىن يولغا چىقىپ «بوسۇغا تاغ»نى بېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ «قىزىل-تام» (پىچاق سۇندى) يەنى ھازىرقى 53 - تۇەنگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماڭسا ئاقسۇ ئاۋات-قا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمى-نەن 70 كىلومېتىر. 3 - يول: كەلپىندىن مارالبېشىغا قاراپ يولغا چىقىپ، 1 - كۈنى «بىر ئېغىزلىق ئۆي»نى بېسىپ ئۆتۈپ، «توققۇز ساراي»غا يېتىپ كېلىدۇ. 2 - كۈنى، «توققۇز ساراي»دىن «تۇمشۇق» (ھازىرقى 51 - تۇەن)، «جىغان چۆل»، 52 - تۇەن، 44 - تۇەنلەرگە يېتىپ كېلى-دۇ. 3 - كۈنى: «مازار غوجام» (50 - تۇەن)دىن «شا-قۇر»غا بېرىپ، «چار باغ»نى بېسىپ ئۆتۈپ، مارالبېشى بازىرىغا بارغىلى بولىدۇ.

1) «يايدى تۇر» بۇ كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدى-غان قۇم - دۆۋىلىك يولىدىكى بىر تۇرنىڭ نامى. بۇ تۇر جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەردىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا سېلىنغان. ئاساسەن سوقما تام بىلەن قوپۇرۇل-غان. سوقماتام ئارىلىقلىرىغا تارتما ھېسابىدا شاخ - شۇمبىلار بېسىلغان. «تۇر» دېگەن سۆز ئېگىز كۆزىتىش سۇپىسى بولغان بىر مۇنارنىڭ نامىدۇر.

2) «ئارقا شەھەر» كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان قۇم - دۆۋىلىك يولىدىكى «يايدى تىم»نىڭ شەرقىي شىما-لى تەرىپىدە ئوت - چۆپ ئۈنمەيدىغان بىر تېپىرلىق كۆ-رۈنۈپ تۇرىدۇ. كەلپىنلىكلەر بۇ قەدىمكى شەھەرنى «ئارقا شەھەر» (تاغ ئارقىسىدىكى شەھەر) دەپ ئاتىشى-دۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 -، 3 - ئەسىرلەردىن باشلى-نىپ، مىلادىيە 8 - ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان دەپ قارال-ماقتا. كەلپىنلىكلەر مارالبېشى بىلەن باردى - كەلدى قىلىش جەريانىدا بۇ شەھەرنىڭ نامىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ كەلمەكتە.

3) توققۇز ساراي كەلپىندىن مارالبېشىغا، ئاقسۇدىن يەركەنت، خوتەنگە بارىدىغان قۇم - دۆۋىلىك يولىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر. ھەمدە قاتناش تۈگۈنى. مارالبېشى تۇمشۇق تاغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى شەھەر. بۇ شەھەردە توققۇز ساراي خارابىسى بىلەن بۇددا ئىبادەت-خانىسى بار. بۇ يەر ھازىرقى تۇمشۇق شەھەر مەركىزىگە سەككىز - ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون دەرىجى-لىك قوغدىلىدىغان ئورۇن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە «بارچۇق» ھەققىدە توختىلىپ: «بارچۇق ئافراسىياب قۇرغان بىر شەھەر، ئۇ يەردە

بۇختۇ نەسسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» (1 - توم، 608 - بەت) دەپ مەلۇمات بەرگەن بولسا، يەنە بىر يەردە. «چارۇق» ھەققىدە توختىلىپ: «چارۇق تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئۇلار بارچۇق شەھىرىنىڭ قېشىدا ياشايدۇ، ئافراسىياب شەھەرلىرىدىن بىرى، ئۇ يەردە بۇختۇ نەسسارنىڭ بەتزەن قامالغان» (3 - توم، 494 - بەت) دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

4) **«يات قۇدۇق»** كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان قۇم دۆۋىلىك يولىدىكى بىر ئۆتەڭنىڭ نامى. كەلپىن «قىزىل تام»نىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن تەخمىنەن بەش - ئالتە كىلومېتىر يىراقتا بىر قۇدۇق بولۇپ، نەچچە ئېغىزلىق ئۆيمۇ بار ئىدى. مارالبېشىغا بارىدىغان يولۇچىلار ياكى مارالبېشىدىن ئاقسۇغا ئۆتكەن يولۇچىلار بۇ يەردە ئارام ئالاتتى. قۇدۇق سۈيى سەل تۇزلۇق بولسىمۇ ئىچىشكە بولاتتى. «يات قۇدۇق» ئەسلىدە «ياقا قۇدۇق» دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزىدىكى خاتالىقى بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن قارىغاندىمۇ مارالبېشىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى بىر قۇدۇق بولۇپ، كەلپىن «كونا چىلان ئۆتىڭى» بىلەن بولغان ئارىلىقى 45 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

5) **«كونا چىلان ئۆتىڭى»** بۇ ئۆتەڭ «چىلان»نىڭ شەرقىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراققا جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر ئۆتەڭ. بازىرىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 400 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوندىن ئارتۇق ئىككى رەتتىن ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، خېلى كۆپ ساندىكىلىرى كۆك سېغىزدا سۇۋالغان. بەزىلىرى گەجلەنگەن. بۇ ئۆتەڭ ئاقسۇدىن قەشقەر، خوتەنگە بېرىشتىكى ئەڭ چوڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، كېچە - كۈندۈز يولۇچى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى، سۇنىڭ قىسلىقى، يول لىنىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، 1950 - يىلدىن كېيىن تاشلىۋېتىلگەن.

6) **«گور ئېقىن»** كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان قۇم - دۆۋىلىك يولدا غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان يولدا. «گۆر ئېقىن» دېيىلىدىغان بىر قەدىمى ئېقىنلىق بار. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «گۆر ئېقىن» سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىللەردە بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپىدىن كەلپىنلىكلەر بوز يەر ئاچقان، «گۆر ئېقىن» دېگەن سۆز، ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز دۆۋىلىك، دۆۋىلىكتا نەچچە 100 يىللىق يۇلغۇنلار ئۆسكەن. قويۇق توغراقلىق، چوڭقۇر ئېقىن بولغاچقا كىشىلەر بۇ يەرنى «گۆر ئېقىن» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

7) **«سۆك - سۆك شەھەر»** كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان قۇم يولىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدە قاقاس قىزىل توپىلىق تاغلار، كىچىك قۇم دۆۋىلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ قاقاس قىزىل توپىلىق تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا «سۆك - سۆك شەھەر» خارابىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە ئىنتايىن قەدىمكى خارابە بار. خارابىلىكتە قەدىمدە «سۆك - سۆك» زىچ ئۆسكەنلىكتىن، «سۆك - سۆك شەھەر» دەپ ئاتالغان. كەلپىنلىكلەر بۇ يەرنى «ئارقا شەھەر» دەپ ئاتىشىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 -، 3 - ئەسىرلەردىن باشلىنىپ 8 - ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان دەپ قارالماقتا.

8) **«لالە تاغ»** كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان قەدىمىي يولنىڭ شىمالىدا ئۇزاققا سوزۇلغان قىزىل توپىلىق «لالە تاغ» تىزمىسى بار. «لالە تاغ»نىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئېتىكىدە بىر خارابە بولۇپ، ئۇ يەردە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى بار. بۇ يول مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان، كەلپىندىكى «چوڭ تىم خارابىسى» (مۇنار)نىڭ يىل دەۋرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «چوڭ تىم»نىڭ شىمالىدىكى سۆك - سۆك شەھەر بىلەن چېگرالىنىدۇ. «لالە تاغ» يەنە «تاقا تاغ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «لالە» (ئۆتۈككە قېقىلىدىغان لالە)نى «تاقا» (ئات، ئېشەككە قېقىلىدىغان تاقا)نى بىلدۈرىدۇ. بۇ تاغ شەكىل جەھەتتىن خۇددى «لالە»گە ئوخشايدۇ.

9) **«يېجيەن فاڭزى»** كەلپىندىن مارالبېشى، قەشقەرگە بارىدىغان تاشيول بويىدا «يېجيەن فاڭزى» (بىر ئېغىزلىق ئۆي) دېيىلىدىغان كىچىككىنە بىر ئۆتەڭ بار. «بىر ئېغىزلىق ئۆي»نى كەلپىن خەلقى ئورمان قوغداش ئۇچۇن 1941 - يىلى سالغان بولۇپ، بۇ يەر مارالبېشىغا بارىدىغان ھەمدە قىزىلتام تەرەپكە ئوتۇنغا بارىدىغانلارنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولى ئىدى. ھازىر ئۇ يەر تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى.

## 4. ئاقسۇدىن مارالبېشى ۋە يەركەنتكە بارىدىغان قەدىمىي يوللار

www.uyghurkitap.com



ئاقسۇ ــ ئايكۆل ــ سۇنايئېرىق ــ شولتاقۇدۇق ــ چىلان ــ ياقا قۇدۇق (ياتقۇدۇق) ــ چېدىر كۆل ــ تۇمشۇق ــ پىچاق سۇندى ــ چار باغ ــ مارالبېشى.

ئاقسۇدىن يەركەنتكە كۆپىنچە هارۋا قاتنايتتى. بۇ يولدا مەخسۇس كىراكەشلىك قىلىدىغان كىراكەشلەر بار ئىدى. گەرچە بۇ يول تۈپلىق، كاتاڭلىق بولسىمۇ، ئېشەك هارۋا، تۆگىلەر بىمالال قاتناپ تۇراتتى. يول بويى تېتىرلىق، قۇملۇق، توغراقلىق ۋە قىسمەن سازلىق يوللارنى بېسىشقا توغرا كېلەتتى. 1ـ كۈنى ئاقسۇ (ئونسۇ)دىن يولغا چىققان كىشى «ئايكۆل»گە كېلىپ قوناتتى. ئەگەر كارۋان ئاقسۇ جامدىن يولغا چىققان بولسا، ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ «ساقساق»قا كېلىپ قوناتتى. 2ـ كۈنى «شولتا قۇدۇق»قا يېتىپ كېلەتتى. 3ـ كۈنى «شولتا قۇدۇق»تىن يولغا چىقىپ، «تەلڭ»نى بېسىپ ئۆتۈپ، (بۇ يەردە بىر گۈمبەز بار ئىدى، 90 ـ يىللاردا يول ياساش مۇناسىۋىتى بىلەن چېقىۋېتىلگەن). غەربىي جەنۇبقا قاراپ تەخمىنەن 25 كىلومېتىر مېڭىپ «كونا چىلان» ئۆتەڭگە يېتىپ كېلىپ ئارام ئالاتتى. 4ـ كۈنى، كونا چىلان ئۆتەڭدىن يولغا چىقىپ، «قاخشاللىق»قا يېتىپ كېلەتتى. يەنە 15 كىلومېتىر يول ماڭسا «قىزىل تام»غا يېتىپ كېلەتتى. «قىزىل تام» كەلپىن ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەۋەلىكىدىكى قاراكۆل ئورمانلىقىنى ئاسراش ئورنى بولۇپ، بۇ يەردە بىر ئائىلىلىك كىشىلەر ئولتۇراتتى. قىزىل تامنىڭ كەينىدە يەركەنت دەرياسى بولۇپ بۇ دەريا قىزىل تامنىڭ كەينىدىن ئۆتەتتى. كەڭلىكى 100 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. قىيان كەلسە سۇ بولاتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ دەريانىڭ ئەگىلىپ قاينام هاسىل قىلىپ ئاقىدىغان يەرلىرىدە «چولا»لار بار ئىدى. مەن 2013 ـ يىلى يايدىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قاراكۆلگە كېلىپ 68 ـ، 74 ـ يىللىرىغىچە داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغان بۇرۇنقى يوللاردىكى بىر«چولا»نى كۆردۈم. بۇ «چولا»نىڭ سۈيى ئازلاپ پۈراپ كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1974 ـ يىلى ئوتتۇنغا كىرگەنچە ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغانىدىم. ئارىدىن 41 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ «چولا»دا سۇ يەنىلا بار ئىدى. قىزىلتامدىن يەنە غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ مېڭىپ «پىچاق سۇندى» (53 ـ تۈەن) دىن «ئاق تام» (51 ـ تۈەن)گە، «تۇمشۇق» (51 ـ تۈەن)تىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭسا «مازار غوجام» (50 ـ تۈەن)دىن شاقۇرغا، ئاندىن ئاۋاتقا باراتتى. «توققۇز ساراي» (تۇمشۇق تاغ)دىن «جىغان چۆل»گە ئاندىن «ئۇقۇر مازار»غا بارغىلى بولىدۇ. «ئۇقۇر مازار»دىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ «توسما» ئارقىلىق «شورلۇق» (44 ـ تۈەن)گە، بۇ يەردىن «44 ـ تۈەن» ۋە «گەملىك مەيدان» (49 ـ تۈەن)غا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. «ئۇقۇر مازار»دىن چىققان كىشى 25 كىلومېتىردەك يول بېسىپ، «چارباغ»قا يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن «چارباغ»دىن «دۆلەت باغ»قا يېتىپ كېلىدۇ. مارالبېشىدىن يەركەنتكە قاراپ ماڭغاندا، «شامال يېزىسى» ــ «ئاقساق مارال» ــ «سېرىق بۇيا» ــ «يۇقىرى ئاۋات» ــ «چوڭقۇر چاق» ــ «شىبھت دۆڭ» ــ «مەكىت» ــ «يەركەنت»كە بارغىلى بولىدۇ. جەمئىي يەتتە كۈنلۈك يول.

1) «سۇنايئېرىق» ئاقسۇدىن مارالبېشىغا بارىدىغان يولدا «سۇنايئېرىق» دېيىلىدىغان، سۈيى يېيىلىپ ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ نامىدۇر. ئايكۆل بىلەن شولتا قۇدۇق ئارىلىقىدىكى بىر ئۆتەڭ.

2) «شاقۇر» مارالبېشىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، ناهىيە بازىرىدىن 75 كىلومېتىر شەرققە توغرا كېلىدۇ. 19 ـ ئەسىردىن كېيىن بۇ يەردە ئاهالىلەر زىچلىشىپ، ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ كەلگەن. بۇ ئۆستەڭ «ئاقما ئۆستەڭ» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۆستەڭگە شاقىراتما ياساپ، تۈگمەن چۆرىگەندىن كېيىن، بۇ جاي «شاكور» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. شاكور ئەينى چاغدىكى يەرلىك شىۋە بولۇپ، «شارقىراتما» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. «شاكور» كېيىن «شاقۇر»غا ئۆزگىرىپ، كەنت نامى بولۇپ قالغان.

3) «چاهار باغ» مارالبېشى ناهىيە بازىرىدىن 30 كىلومېتىردەك شەرققە جايلاشقان بىر كەنتنىڭ نامى. مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەردە مەرغۇپ شاھ بۇ يەرلەردە ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ بىنا قىلىپ، بۇ باغنىڭ نامىنى «چاهار باغ» دەپ ئاتىغان. گەرچە كېيىن بۇ باغ يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باغنىڭ نامى ساقلىنىپ قالغان.

4) «چوڭقۇرچاق» يېزىسى بۇ يەر ناهىيە بازىرىدىن 108 كىلومېتىر، 18 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بۇ يەرلەر سازلىق ئىدى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەرگە يەركەنت، خوتەن، كەلپىن قاتارلىق

يەرلەردىن ئادەم كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەرنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىغان. كىشىلەر بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىگە قاراپ «چوڭقۇرچاق» (كىچىك چوڭقۇرلۇق) دەپ ئاتاشقان، شۇنىڭدىن بېرى بۇ يەر «چوڭقۇرچاق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

5) **«دۆلەتباغ»** بۇ جاي ئىلگىرى «توپا» دەپ ئاتالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا بوستانلىققا ئايلاندۇرۇلۇپ باغ قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «دۆلەتباغ» دەپ ئاتالغان. ھازىر بولسا بۇ جاي «دۆلەتباغ يېزىسى» دېيىلىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت «قۇمچىقىل كەنتى»گە ئورۇنلاشقان.

6) **«ئاقساق مارال»** بۇ كەنت ناھىيە بازىرىدىن 49 كىلومېتىر كېلىدۇ. 18 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بۇ يەر ياۋايى ھايۋانلار مەسىلەن، يىلپىز، يولۋاس، بۆغا، تۈلكە، بۆرە، ياۋا چوشقا، بۇغىلارنىڭ ماكانى ئىكەن. تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار ئۇچراپ تۇرغان. بىر قېتىم بىر ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا يوغان مارال چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمما بۇ مارال پۇتىنىڭ سۇنۇپ كەتكىنىگە قارىماي قاپقاننى سۆرەپ قاچقان. شۇڭا بۇ يەر «ئاقساق مارال» دەپ ئاتىلىپ قالغان. ھازىر يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ يەردە.

7) **«سېرىق بۇيا يېزىسى»** مارالبېشىدىن يەركەنتكە بارىدىغان يولدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ يەردە «سېرىق بۇيا» دېيىلىدىغان ئۆسۈملۈك كۆپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ ئۆسۈملۈك نامىدا ئاتالغان. «سېرىق بۇيا» يەركەنت دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. بۇ يېزا ناھىيە بازىرىغا 90 كىلومېتىر كېلىدۇ، 18 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بۇ يەردە ئاسان ئاھالە يوق بولۇپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك سېرىق بۇيىلىق ئىكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەر بۇ يەردە قوغۇن تېرىپ، قوغۇننى سېرىق بۇيىدا ئۇلداپ، قوغۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇشنى قامدىغان. شۇنىڭدىن بېرى كىشىلەر بۇ يەرنى «سېرىق بۇيا» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت «كۆلبېشى كەنتى»گە ئورۇنلاشقان.

8) **«جىغانكۆل»** مارالبېشى ناھىيە بازىرىغا 45 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1864 ـ يىلى كۇچا خانى راشىدىن غوجا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە، جىغانلىقتىكى بىر بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ «چىغلىق بۇلاق سۈيى تاتلىق ئىكەن» دېگەن شۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلار ئۇ يەرنى «چىغلىق بۇلاق» دەپ ئاتىغان، كېيىن سۆز «جىغانكۆل» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

9) **«مازار غوجا»** بۇ يەر مارالبېشى ناھىيە بازىرىغا 96كىلومېتىر كېلىدۇ. 1639 ـ يىلى يەركەنت خانى ئابدۇللاخان ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، خوجا مانان ئابدۇلھەكىم، ئابدۇلئەزىز قاتارلىق «خوجىلار» دەپ ئاتالغان 300 ئەنجانلىق ئاقسۇغا كېلىپ، ئاقسۇ خانىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغان. 6 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ كەلپىنگە يېقىن جايدا كەسكىن جەڭ قىلغان. جەڭدە ئابدۇلھەكىم، ئابدۇلئەزىز ئاكا ـ ئۇكىلار ئېغىر يارىلانغان. لېكىن ئۇلارنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا كەلپىن خەلقى بۇلارنى يولغا سېلىپ قويغان. بۇ ئىككىسى «شېرىن»، «لەشلىك» دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، ھازىرقى مازار خوجىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يارىسى يامانلىشىپ، شۇ يەردە ئۆلگەن. يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنىڭ خوجا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىپ، چوڭ بىر گۈمبەز (82 كۋادرات مېتىر) ياسىتىپ، يۇرت نامىنى «مازار خوجا» دەپ ئاتىغان.

10) **«پىچاقسۇندى»** كەلپىندىن مارالبېشى بازىرىغا بارىدىغان بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ يەر ناھىيە بازىرىغا 106 كىلومېتىر كېلىدۇ، 1864 ـ يىلى كۇچا خانى راشىدىن خوجا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە بىر يەرگە چۈشۈپ، زىياپەت ئۈستىدە بىر سۆڭەكنى پىچاق بىلەن چاقماقچى بولغاندا، پىچاق سۇنۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى بۇ يەر «پىچاق سۇندى» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

11) **«تۇمشۇق»** تۇمشۇق مارالبېشىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تەڭرىتاغنىڭ سوزۇلۇپ چىققان بىر ئۇچ بۇرجەكلىك تاغ «تۇمشۇق تاغ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، «تۇمشۇق» شۇ تاغنىڭ نامىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ تاغ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغلار مارالبېشىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىسۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىمۇ «تۇمشۇق» دېيىلىدىغان يېزا بار.

12) **«مازار تاغ»** كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىر تاغنىڭ نامى. مارالبېشىنىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 2103 مېتىر ئېگىز بولغان تاغنىڭ چوققىسىدا قەبرىلەر بولغاچقا، كىشىلەر ئۇ يەرنى «مازار تاغ» دەپ ئۇلۇغلىشىدۇ. ئۇنىڭ شىمالى قىسمىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان «چارباغ» تۈزلەڭلىكىدىن ئېگىزرەك كۆرۈنىدىغان يېرىدە بىر مەچىتمۇ بولغاچقا، بۇ يەر ئۇلۇغلىنىپ «مازار تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. سەل پاكارراق تۇتاش تاغ تىزمىلىرى «مۇقەددەس جاي» دەپ ھېسابلىنىدۇ.

13) «ئۇقۇر مازار» كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان يولدىكى تۇمشۇق تېغىدا «ئۇقۇر مازار» دېيىلىدىغان بىر يەر بار. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 1701 مېتىر ئېگىز. تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار. 19- ئەسىردىن بۇرۇنلا «مازار تاغ»، «ئۇقۇر مازار» (ئاچالتاغ) بىر ئىبادەت ئورنى ئىدى. كىشىلەر ئۇ يەرنى ئۇ يەردىكى ئوقۇرنى «دۈلدۈل ئوقۇر» دەپ ئۇلۇغلىشىدۇ.

14) «بوسۇغا تاغ» كەلپىندىن مارالبېشىغا قاراپ ماڭغاندا (غەربىي جەنۇب تەرەپكە)، «بوسۇغا تاغ» (ياكى داۋزى تاغ) دېيىلىدىغان بىر ئۆتكەل بار. بۇ يەر خۇددى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، «بوسۇغا تاغ» دەپ ئاتالغان، بۇ تاغ دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتىر ئېگىز. بۇ تاغنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى مارالبېشىغا تەۋە. كەلپىن ئاچال بىلەن بولغان ئارىلىقى 80 - 85 كىلومېتىر كېلىدۇ. خۇددى ئىشىكنىڭ بوسۇغۇسىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، «بوسۇغا تاغ» دەپ ئاتالغان.

15) «تاتى» كەلپىندىن مارالبېشىغا بارىدىغان يولدىكى «چوڭ تىم»نىڭ غەربىي جەنۇبىغا قاراپ، ئۈچ كىلومېتىردەك مېڭىپ خارابىلەردىن ئۆتكەندە نۇرغۇنلىغان يەردە قەدىمكى دېھقانچىلىقنىڭ خارابىلىرى بار. بۇ يەر مېلادىيەدىن بۇرۇنقى 2-، 3- ئەسىردىن باشلىنىپ مېلادىيە 8- ئەسىرگىچە داۋاملاشقان دېھقانچىلىق رايونلىرى دەپ قارالماقتا. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ بىر يېرىدە «تېتىر» (1- توم، 468- بەت) دېگەن سۆزنى «سۇسىز ۋە دەرەخسىز يەر» دەپ چۈشەندۈرگەن بولسا يەنە بىر يېرىدە «قېقىر يەر» (1- توم، 607- بەت) دېگەن سۆزنى «قاقاس يەر، ئوت - سۇيى يوق يەر، چۆل» دەپ چۈشەندۈرگەن. مەلۇمكى «تاتى» دېگەن سۆز «تېتىرلىق» دېگەن مەنىدە.

16) «قاخشال» ئاقسۇ ئاۋاتنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى بىلەن «پىچاقسۇندى»نىڭ شەرقىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يەردە «قاخشال» دېيىلىدىغان توغراق، يۇلغۇن ۋە باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ كەتكەن يەر بار. كىشىلەر ئوتۇن توشۇش جەريانىدا، «قىزىلتام»، «قوناقلىق» دېگەن يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۇ يەرگىمۇ ئوتۇنغا كىرەتتى. ستەيىن، مانىېر ھېيىملار تىلغا ئالغان قاخشال يەركەنت دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، بۇ دەل كەلپىنلىك ئوتۇنغا كىرىدىغان يەردىكى، ئاۋات بىلەن كەلپىن ئارىلىقىدىكى «قاخشال»دىن ئىبارەت. توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش توغرا كەلسە 35 - 40 كىلومېتىر يول باساتتى.

17) «قىزىلتام» كەلپىن ئورمانچىلىق ئىدارىسى 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى قاراكۆل توغراقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كەلپىن «يايدى»نىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى توغراقلىق بىلەن يۇلغۇنلۇق چېگرالانغان يەرگە (گۆر ئېقىننىڭ ئاخىرى، يەركەنت دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىدىكى سەل ئېگىزرەك بولغان قىزىل تۇپىلىق دۆۋىلىقتا) ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىنى قۇردى، 1965- يىللىرىدىن باشلاپ قارا كۆلنى قوغداش كۈچەيتىلدى. بۇ قورغادنىڭ تاملىرى قىزىل تۇپىلىق بولغاچقا، كىشىلەر بۇ ئۆتەڭنى «قىزىل تام» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. مەن 2013- يىلى 8- ئايدا بۇ يەرلەرنى 41 يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئايلانغان ۋاقتىدا، قىزىلتام خارابىلىككە ئايلانغانىدى.

18) «چولا» كەلپىن قاراكۆل جاڭگىللىغا كىرىپ «گۆر ئېقىن دەرياسى» ياكى «قاراكۆل دەرياسى»نى بويلاپ ماڭسا سۇنىڭ قايناملىق ئاققان يەرلىرىدە تەبىئىي توختام سۇ كۆلچەكلىرى ئۇچرايدۇ. مانا بۇنداق سۇ توختاپ قالغان كۆلچەك «چولا» دېيىلىدۇ، سۇيىنى ئىچكىلى بولىدۇ، چارۋىلار شۇ يەردىن سۇ ئىچىدۇ. بەزى چولىلار 100 يىل ھەتتا بىر نەچچە 100 يىل سۇيىنى يوقىتىپ قويماسلىقى «چولا»نىڭ ئاستىدا بۇلاق بولۇپ، بۇلاقنىڭ سۇيى سىرغىرىپ چىقىپ تۇرىدۇ. «چولا» يەنە «قاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 2013- يىلى 8- ئايدا ئۇ يەرنى ئايلانغان ۋاقتىمدا، «چولا» سۇيى بولسىمۇ، لېكىن سەل پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتى پېنسىيونېرى)

# ئۇيغۇرلاردا قاداقچىلىق

مەھمۇدجان سدىق بلگىيار

قاداق (قاماق)چلىق — ئۇيغۇرلار ئارىسدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە كەسىپ بولۇپ، ئۇ تاش قورال ھەم بىرونزا قوراللار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تاش قورال دەۋرىدە تاش قىرغۇ ئەسۋابلاردىن پايدىلىنىپ، ياغاچتىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك نۇرغۇن بۇيۇملارنى ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلىپ ياساپ ئىشلەتكەن، ھەتتا سوغا، كاسا، تەگلە، ئاياغ، جام، نوگاي، چۆمۈچ، قوشۇق، چالا، سىقماق سىققۇچ، تارغاق، سىرىغۇ، باسماق، توخۇناق، بوغۇس، تاماق، تاتقۇ، ئارا، سەچى، ئاسقۇ، كاسساندۇق، نانچى ساندۇق، دىرەۋزىن... قاتارلىق تۆرلۈك تۇرمۇش ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ــ، 90-يىللىرىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا بار ئىدى. گەرچە بۇ بۇيۇملار قوپال، ئىشلىتىشكە قولايسىزدەك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى ھاياتلىق ئېھتىياجىدىن خېلى ئوبدانلا چىقىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستۈرۈشكە تۆرتكە بولغان. بۇ بۇيۇملار ئىشلىتىش جەريانىدا ئاسانلا زەخىملىنىپ بۇزۇلۇپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ دەز، ئوچۇق، يېرىق، سۇنۇق، تۆشۈكلىرىنى دەرەخ قوۋزىقى، تالالىق ئۆسۈملۈك، قىل، ھەر خىل تالادىن ئېشىپ تەييارلانغان يىپ ياكى تېرە-ئۆچەيلەردە تېڭىش، تۆشۈكلىرىنى يۇڭ، تېرە، پاختا، كىگىز قاتارلىق نەرسىلەردە مازلاش ياكى تېرىنى ياماقلىق قىلىپ شۇخا، يۇلغۇن مىختا مىخلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن قاداپ ئىشلەتكەن. مانا بۇنى قاداقچىلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

بىروزا دەۋرىدە، تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ياغاچ قىيمچىلىقمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋردە ياغاچتىن خاس قاچا-قۇچا، سوغا — نوگاي قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ قالماستىن، تۆرلۈك ئىشلەچىقىرىش قوراللىرىنى، ساندۇق-ئۆستەللەرنى، توقۇمىچىلىق سايمانلىرىنى، نەققاش-ئويما بۇيۇملارنىمۇ ياساپ ئائىلە تۇرمۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە ئېستېتىك تۈس كىرگۈزگەن. بۇ بۇيۇملارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بۇزۇلۇپ تۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىق، ئوچۇق، ئاجاق، تۆشۈك، سۇنۇقلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا قاداپ ئىشلىتىشكە ئېھتىياج تۇغۇلغان. بۇزۇلغان بۇيۇملارنى ئۆزلىرى ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمىدە تېڭىپ، ياماپ، قاداپ ئىشلەتكەن. شۇ دەۋردىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ قاداقچىلىققا ئېھتىياجى چوڭشۇشكە باشلىغان. دېمەك، قاداقچىلىق بىرونزا دەۋرىدىن باشلاپ تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

**ياغاچ، چىۋىقتىن ئىشلەنگەن تۆرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى.**

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساپالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كېلىشكە باشلاپ تەدرىجىي رەڭلىك ساپاللارنى ياسايدىغان بولغان، ئۇلار تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان كۈپ، كوزا، كورا، خۇمرا، تەخسە، تاۋاق، ئاپقۇرا، سوزما (خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ)، جام، قەندەل، لوڭقا، ياغلىق قاچا، گۈل تەشتىكى، كىر تەشتىكى، ئىۋرىق، نو (سۇ ئاققۇزۇلىدۇ)، نوكاچ (كىچىك گۈۋەنزە) قاتارلىقلارنى ياساپ خۇمداندا پىشۇرۇپ ئىشلەتكەن. قىسقىسى ئۇيغۇرلار ساپالچىلىقنىڭ كەشپىياتچىسى بولۇپ، بۇنى يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدىكى قەدىمىي ئىزلاردا چوقچىيىپ تۇرغان خۇمدان ئىزلىرى، چېچىلىپ، ياتقان كوزا پۇچۇقلىرى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

**كېرىيە جىگدە قۇدۇقتىكى قەدىمىي ئىز**

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى www.uyghurkitap.com



ياغاچچىلىق، خۇمدانچىلىق، تۆمۈرچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا يۇقىرىقى بۇيۇملاردىن باشقا، مىس، تۆمۈر، قوۋچ، چويۇن قاتارلىق مېتاللاردىن چۆگۈن، چەينەك، پەرى قۇلپا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى؛ پالتا، كەكە، بولقا، سومبە، كەتمەن قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ھەم تۆرلۈك زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن. شۇنىڭغا ماس ھالدا بۇ بۇيۇملارنىڭ دەز، سۇنۇق، يېرىق، ئاجاق، تۆشۈكلىرىنى قاماپ قاڭلاپ ئوڭشايدىغان ئۇستىلارغا ئېھتىياج تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ياسىغان ئۇستىلارغا يامىتىپ، قاڭلىتىپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، قىزدۇرۇش، سوقۇش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان كوزا، چاقچۇق، زىبۇ-زىننەت دېگەندەك سىپتا، نازۇك بۇيۇملارنى مەخسۇس قاماقچى ئۇستىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشقا توغرا كەلگەن.

شۇنىڭغا ئاساسەن بىز ھازىر دەۋاتقان ياغاچ بۇيۇم، كوزا، چىنە-قاچا، چاقچۇق بۇيۇملىرى، تۆمۈر، زىبۇ-زىننەت پەردازچىلىقى بىر گەۋدىلەشكەن قاداقچىلىق كەسپى تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن. چىنە-چەينەك، تۇنۇكا-پەتنۇس، چىنىيايغ، جانانچىن، موللىتو چەينەك، جانان چەينەك، ئالما چەينەك، ھەر خىل سىپتا قىممەت باھالىق زىبۇ-زىننەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، قاداقچىلىقنىڭ تېخنىكىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەخسۇس ھۈنەر-سەنئەت كەسپى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغىچە خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھۈنەر كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملاشقان.

قاداقچىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ ھۈنەرنىڭ پىرى شايىنەخشۇەندە پىرىم بولۇپ، ئۇ نەزمىچى، غەزەلچى ئىكەنمىش. ئۇ كىشى كامالچىنى پەمگە ئالماپ تارتىپ كوزا، چىنە-چەينەكتىن تۆشۈك تەشكەندە خۇددى نەزمە قاتقاندەك زىل يېقىملىق ئاۋاز چىقىدىكەن، شۇڭا ئۇ كىشىنى بۇ ھۈنەرنىڭ پىرى دەپ ئاتىغانمىش. شۇ سەۋەبتىن قاداقچى ھۈنەرگە كىرىشكەندە «شايى نەخشۇەندە پىرىمنىڭ ھەققىدە» دەپ ئىش باشلىسا، ئالماسنى پەمگە سالغاندا، بولقا ئىشلەتكەندە «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھەققىدە» (تۆمۈر، ئالماسنىڭ پىرىنى نېمىشقا ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەيدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس) دەپ ئىش باشلايدىكەن.

قاداقچىلىقنىڭ ئاساسلىق نىشانى — كوزا، چىنە-چەينەك، ئاسارئەتىقە، زىبۇ-زىننەت قاتارلىق قىممەت باھالىق، كەم ئۇچرايدىغان، قايتا بارلىققا كەلمەيدىغان، قايتا ياسىغىلى بولمايدىغان ياكى ياسالمايدىغان بۇيۇملارنى قاداپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدىغان ئىنچىكە ھۈنەردۇر. ئەمما مەشغۇلات جەريانىدا قاداقچىلار ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن يۇقىرىقى دائىرىدىن ھالقىپ ياغاچ، مېتالدىن ياسالغان تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاداقچىلىقىنى قىلغان.

مېتال قاداقچىلىقتا قادىلىدىغان بۇيۇمنىڭ يېرىق، سۇنۇق، ئاجاقلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەم بۇيۇمنىڭ قىممىتىگە قاراپ تۆمۈر، مىس، كۈمۈش ياكى ئالتۇندىن قاغا تۇمشۇق شەكلىدە مىخ ياكى ئىسكاپ ئېتىپ قادىغان، تۆك، كاسا، چېلەكلەرگە تۆۋ سالغان.

ئىلگىرى ئۇيغۇر رايونىنىڭ ھەرقايسى يۇرت-مەھەللىلىرىدە قاداقچى ئۇستىلار بار بولۇپ، ئۇلار ھۈنەرنى ئۆز يۇرت-مەھەللىلىرىدە قىلغاندىن سرت، يالغۇز ياكى ئۈچتىن، بەشكىچە ھۈنەرۋەن بىر بولۇپ، يۇرتمۇيۇرت، كەنتمۇكەنت يۈرۈپ قاداقچىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ كەنت-مەھەللىلەرگە يېقىنلاشقاندا چېلىپ ماڭىدىغان چۇمۇچ شەكلىدە ئىككى يۈزى تېرىنى كېرىپ يېپىپ ياسىغان ناغرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار قاداقچىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قادايدىغان بۇيۇملىرىنى ئېلىپ يول بويلىرىغا چىقىپ تۇرۇشىدۇ. ھۈنەرۋەن ئۇلغىنى جايلاشتۇرۇشقا قولايلىق ھەم كۆچۈمرەك مەھەللىگە چۈشۈپ، ئۇلاغلىرىغا يەم-خەشەك بېرىپ جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەسۋاب-سايمانلىرىنى يېيىپ دۇكان قۇرۇپ ھۈنەرگە ئولتۇرىدۇ. ھۈنەرۋەن يالغۇز بولسا كەلگەن خېرىدارنىڭ ئىشىنى نۆۋەت بىلەن قىلىپ يولغا سالىدۇ. ئەگەر بىر نەچچە ھۈنەرۋەن بىللە ماڭغان بولسا، بىرى مەخسۇس چىنە-قاچا، چۆگۈن-چەينەك، زىبۇ-زىننەتلەردىن تۆشۈك تېشىدۇ. بىرى مىخ تەييارلايدۇ، بىرى قادايدۇ. قالغانلىرى چېلەك، تۇنۇكا، داس، سوغا، ئۇلاق قاتارلىقلارنى قاداپ ياماپ ئوپچا ھۈنەر قىلىپ تاپقىنىنى تەڭ بۆلۈشىدۇ.

## قاداقچىلىق سايمانلىرى

1-ئالماس: كوزا، چىنە-چەينەك ئاسارئەتىقە، زىبۇ-زىننەت، تاش بۇيۇم، چاقچۇق قاتارلىقلاردىن ياسالغان بۇيۇملاردىن تۆشۈك تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئالماسنىڭ چوڭلۇقى زاغۇن ياكى ئۇنىڭ يېرىمچىلىك بولۇپ، ئۇنى پەمنىڭ ئۇچىغا سېلىپ ئىشلىتىدۇ. كىچىك سىپتا بۇيۇملارغا كىچىك ئالماس ئىشلىتىدۇ. توم، يوغان بۇيۇملارغا چوڭراق ئالماسنى ئىشلىتىدۇ. تېشىدىغان تۆشۈك

2016.5



بۇيۇمنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يېرىم مىللىدىن بىر مىللىگىچە چوڭقۇرلۇقتا بولىدۇ.

پەمە: 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دىرەپشە تومۇقىدا بىر ئۇچىدا ئالماسنى سالىدىغان يېرىم سانتىمېتىر ئۇيۇقچىسى، بىر ئۇچى ئۇچلۇق تۆمۈر. ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا ئالماسنى سېلىپ، تۆشۈك تېشىلىدىغان ئورۇنغا قويۇپ دىيەپ تۇرۇپ، كامالچىنى پەمگە ئالماپ، يەنە بىر ئۇچىنى پىيالىنىڭ تۈۋى ياكى رومكىدا بېسىپ كامالچىنى تارتىپ ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تۆشۈك تېشىدۇ.

3- تېگىق يىپ: ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا چىغ تومۇقىدىكى پىششىق تاللانغان يىپ: ئۇ قاملىدىغان بۇيۇمنىڭ دەز، يېرىق، سۇنۇقلىرىنى جايىغا كەلتۈرۈپ تېگىپ چىگىشتىكە ئىشلىتىدۇ.

4- كامالچە: 40 ـ 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا چىمىت قول تومۇقىدىكى قاتتىق ئەۋرىشىم چىۋىقنى راسلاپ ئېگىپ، چىغ ئۇچى تومۇقتىكى پىششىق ئىشلىگەن يىپنى ياكى ئۆچەيدىن ئىشلەنگەن زەينى ئىككى ئۇچىغا چىگىپ چىگىتىپ، ئوقيانىڭ كىرىچىدەك ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ يىپنى پەمگە ئالماپ تارتىپ ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق قاملىدىغان بۇيۇمدىن تۆشۈك تېشىدۇ.

5- بولقا: چوڭ- كىچىك بولۇپ، ئىككى، ئۈچ خىل بولىدۇ. ئەڭ كىچىكى زەرگەر بولقىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچى يۇمىلاق ھەم چاسا شەكىلدە ئىككى خىل بولىدۇ. بۇنى ئاساسەن چىنە- قاچا، زىبۇ- زىننەت، سېپتا قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى قاداشقا ئىشلىتىدۇ. قالغانلىرىمۇ چوڭ- كىچىك بولۇپ، ئۇچى يۇمىلاق ھەم چاسا شەكىلدە بولىدۇ. بۇلارنى ياغاچ، تۆمۈر، پاناس قاتارلىق بۇيۇملارنى قاماشتا ئىشلىتىدۇ.

6- قايچا: قادىلىدىغان بۇيۇمنىڭ چوڭ- كىچىك ھەم نازۇكلۇقىغا ئاساسەن چوڭ- كىچىك قايچا ئىشلىتىلىدۇ.

7- ياغدان: ئىلگىرىكى زاماندا مەخسۇس كىچىك نوگاي قاپاقتىن ياسالغان ياكى تېرە، كۆندىن تەڭگە پۇل قاپچۇقى شەكلىدە تىكىپ ئىچىگە مەخسۇس مېغىز ياكى زاغۇن يېغىنى قاچىلاپ ئېلىپ ماڭىدىغان خالتا بولۇپ، ئۇ كوزا، چىنە- قاچىدىن تۆشۈك تەشكەندە پات- پات ئۇنىڭدىكى ياغدىن پەلكۈچ بىلەن ئالماسنىڭ ئۇچىغا تېمىتىپ ياغلاش ئارقىلىق ئالماسنىڭ قىزىپ كېتىشىنىڭ ھەم قاملىدىغان بۇيۇمنىڭ ئۇچۇپ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كېيىنچە ئاق تۆمۈردىن چوڭ قول تومۇقىدا تۈۋ سېلىپ ياسالغان.

8- مىخدان: تۈرلۈك بۇيۇملارنى قاماشتا كېرەكلىك بولىدىغان ھەر خىل مىخلارنى ئالدىن تەييارلاپ ئۇنى سېلىپ ھۈنەرگە ماڭغاندا ئېلىپ ماڭىدىغان خالتا ياكى قۇتا، ئۇمۇ ئىلگىرى تېرە ياكى كۆندىن تىكىلگەن، كېيىن ئاق تۆمۈردىن قۇتا ياساپ ئىشلەتكەن.

9- پەمدان: بىر قاداقچىغا چوڭ- كىچىكلىكى، ئۇزۇن- قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە تال پەمە كېتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى مەخسۇس تېرە، كۆن ياكى تۆمۈردىن تەييارلىغان خالتا قاپ ياكى قۇتىلارغا سېلىپ ئېلىپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كاسۋال، سۈمبە، دىرەپشە قاتارلىق سايمانلىرى بولىدۇ.

ھۈنەرۋەن ھۈنەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى، ئاق تۆمۈر، سىم، قۇچ، مىس، كۈمۈش ئالتۇندىن ھەر خىل مىخلارنى ئېتىپ مىخدانىغا سېلىپ ئېلىۋالغاندىن سىرت، يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن زاپاسقا ئېلىۋالىدۇ. ئادەتتىكى ياغاچتىن ياسالغان ئۇلاق، تەڭلە، كاسا، دۇشە- ئاياغ قاتارلىق تۈرمۇش بۇيۇملىرى ھەم چېلەك، داس، سىرلىق تۇنۇكا، تۆمۈر، مىس بۇيۇملارنى سىم، تۆمۈر، مىس، قۇچتىن مىخ، ئىسكاپ ئېتىپ قادايدۇ. چىنە- چەينەك، زىبۇ- زىننەت، كوزا، ئاسارئەتىقە، تاش ئويما قاتارلىق بۇيۇملارنى قاداشتا ئۇنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن تۆمۈر، مىس، كۈمۈش، ئالتۇن قاتارلىق ئەسلى قىممىتىگە پار كېلىدىغان ماتېرىيالدا قادايدۇ. قاداقچى قادايدىغان بۇيۇمنىڭ زېدىسىنى كۆرۈپ، قانداق قادىسا سۈپەتلىك، چىداملىق بولىدىغانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن، بۇيۇمغا پەر كېلىدىغان ماتېرىياللاردا قاغا تۇمشۇق، ئىسكاپ، ئاچا پو مىخ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



شەكلىدە مىخ تەييارلاپ، بۇيۇمنىڭ ئىچىگە ئۆتتۈپ كەتمە-
گىدەك تۆشۈك تېشىپ مىخنى بولقىدا يەڭگىل ئۇرۇپ
سىپتا، چىرايلىق چانمىغىدەك قادايدۇ.

**قاداقچى قادىغان چىنە- چەينەك**

قاداش ئۇسۇلى: بۇيۇمنىڭ يېرىق، دەز، ئوچۇق،
ئاجاق، سۇنۇقلىرىنى پاكىزلاپ جايىغا كەلتۈرۈپ، تېگىق
يىپتا ئالماپ چىڭ تېڭىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زىبدىنىڭ
ئەھۋالىغا ئاساسەن كېرەكلىك مىخنى تەييارلايدۇ. سىپتا
بۇيۇمغا ئىشلىتىلىدىغان مىخنى ئاساسەن ئوتتۇرىسى
ياپىلاق كەڭلىكى بىر مىللى ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقنى ئىككى
سانتا ئەتراپىدا، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە بىر يېرىم مىللىمې-
تىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈچ چىقىرىپ ياسايدۇ. مىخ تەييار بولغاد-
ىدىن كېيىن، پەمنىڭ ئۇچىغا ئالماسنى سېلىپ، كامالچىننىڭ
يىپىنى پەمگە ئالماپ، تۆشۈك تېشىلىدىغان ئورۇنغا
دىيەپ تۇرۇپ، پەمنىڭ بېشىنى رومكا ياكى پىيالىنىڭ تۆ-
ۋىدە بېسىپ كامالچىنى تارتىپ بۇيۇمنىڭ ئىچىگە ئۆتكۈ-
زۈۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا بىر ياكى يېرىم مىللى ئەترا-
پىدا تۆشۈك تېشىدۇ. تۆشۈك تەشكەندە ئالماس قىزىپ
كەتمەسلىك ئۈچۈن، ياغداندىكى ياغدىن ئالماسقا تېمىتىپ
تۇرىدۇ. تۆشۈك تېشىپ بولغاندىن كېيىن، مىخنى تۆشۈك-
كە ئاساسەن يەنە بىر قاتار راسلاپ، بولقىدا يەڭگىل
قېقىپ سىپتا، چىرايلىق قادايدۇ. قىممەت باھالىق قىپقىزىل
جانان چىن، جانان چەينەك، موللىتو چەينەكلەرنىڭ قاداق
مىخى تۇچ، كۆمۈش، ئالتۇندىن بولىدۇ.

ئىلگىرى كېرىيە تەۋەسىدە توختاخۇن تارغاق،
تۇردى قاداق، قاسىم قاداق، تۇسناخۇن قاداق، روزاخۇن
قاداق قاتارلىق نامى بار قاداقچى ئۇستىلار بار بولۇپ،
ئۇلار روزاخۇن ئۇستامغا ئەگىشىپ يۇرتمۇيۇرت بىللە
يۈرۈپ ھۆنەر قىلغان. ئۇلار كۆنچىقش تەرەپتە نىيە،



ئايتاغ، سالغۇزەك، چەرچەن، چاقىلىق تەرەپلەرنى ئايلىنىپ
كېرىيەنىڭ تومىيا تاغدىن كىرىۋالسا قارابۇلاق، پىشكە،
ئاچچان، سوقتاياق، لوش، ئەچكۈبۇلۇڭ، پولو، چىرانىڭ
قاراسۇ، ئىماملا، سايۋاغ، نۇر، چاقا تاغدىن خوتەن تاغلىرد-
غا ئۆتتۈپ ئايلىنىپ خوتەن بوستانلىقىغا چۈشۈپ لوپ، چى-
رىنى ئايلىنىپ قاداقچىلىق قىلىپ يانغان.

بىر قېتىم ئۇلار يۇرت ئايلىنىپ ھۆنەر قىلىپ گۇلاخما-
غا كەلگەندە بىر باينىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بولۇپ ھويلىسىغا
كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى بايغا
كۆرسىتىپ ئىنئام ئالماقچى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ھەر خىل
ھۈنەرلەرنى چىقىرىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلىۋالغان
باي، سىناپ بېقىش نىيىتىدە بىر دانە چوڭ چىنئاياغنى
چېقىپ يەتتە پارچە قىپتۇ. ئۇ بۇ چىنئاياغنى ھەر بىرىگە
ئايرىم - ئايرىم قامىتىپ ئۈستىگە پولو ئېلىپ ئىككى يېنىدىن
تۇتۇپ كۆتۈرۈپ پۇختىلىقنى سىناپ بەسلىششكە سالماق-
چى بولۇپتۇ. ئالدى بىلەن قاسىم قاداققا قامىتىپ پولونى
ئۇسۇپ كۆتۈرگەنىكەن، پولونى كۆتۈرەلمەي مىخلىرى
ئاجراپ ئاش تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. مۇھەممەد قاداق، تۇسنا-
خۇن قاداق، تۇردى قاداق قادىغاندىمۇ ئاشنى كۆتۈرەلمەي
قاداق ئاجراپ كېتىپتۇ. ئاخىر توختاخۇن تارغاق چىنئاياغ-
نىڭ تېشىدىن يانتۇ تېشىپ، ئىلمەكلىك مىخ ئېتىپ قاداپ،
پولونى ئېلىپ سىلكىسىمۇ ئاجراپ كەتمەپتۇ. باي ئۇنى
نۇرغۇن ئاقچى بىلەن تارتۇقلىغانىكەن، توختاخۇن تارغاق
كېرىيە ئارال يېزا تۆۋەن يەتتە باش كەنتىدىن بىر پۈتى تە-
زىدىن يوق ناكا ئادەم بولسىمۇ، قاداقچىلىق ھۈنىرىگە
ئۇستا بولغاچقا، يۇرتقا مەشھۇر ئادەم ئىكەن.

تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ھەر خىل بۇيۇملاردىن ئىشلەند-
گەن چىنە - قاچا، داس - چۆگۈنلەرنىڭ تۈرى كۆپىيىپ
تۈكمە قىلىپ سېتىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، قاداقچىلىق ھۈ-
نىرىنىڭ بازىرى تۆگىدى. بۇ ھۈنەرنىڭ ھازىرقى زاماندد-
كى داۋامى بولسا، ئاپتوموبىل قاداقچىلىقى بولۇپ، ئۇ خەن-
زۇچە «چەنگوڭ» دەپ ئاتىلىپ ئاپتوموبىلنىڭ سىرتقى قې-
پىنىڭ تۈرلۈك بۇزۇلغان يەرلىرىنى رۇسلاپ، قاداش،
سىرلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

**ئىزاھات:**

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «نىيە خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان
ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار»،
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 98- يىلى 2-، 3- قوش سان.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ پېنسى-
يونېرى)




مۇھەممەد ئىمىن

## نەپسىنى يىغالمىغان قوتاز

بىر قوتاز ھەر خىل ئوت-چۆپلەر ئارىلاش ئۆسىدى-
غان يايلاقتا ئۇچ-تۆت يىل ياشاپ زېرىكىپ قالدى.
چۈنكى بۇ يايلاقتىكى ئوت-چۆپلەر بىر-بىرىگە زىچ گى-
رەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېگىلى بو-
لىدىغانلىرىنى ئايرىش ۋە تاللاش بەكمۇ مۇشكۇل، بەكمۇ
جاپالىق، بەكمۇ ئىنچىكە بىر ئىش ئىدى، شۇڭا قوتاز
كۈنبويى ئاغزى بېسىقماي ئوت-چۆپ يېگەندەك قىلسىمۇ
يەنىلا قورسىقىنى راۋۇرۇس تويغۇزالمايتتى. يىل بويى
ئۇزۇن يۇڭلۇق تېرىسى ھېچقانچە قىيالمايلا سانىغىلى بو-
لىدىغان ئورۇق قوۋۇرغىسىغا چىڭ چاپلىشىپ تۇرغىنى
تۇرغاندى. قوتاز بۇنداق جاپالىق تۇرمۇشتىن بىزار
بولۇپ، سۈيى ئەلۋەك، ئوت-چۆپلىرى مول بولغان ياي-
لاقنى ئىزدەپ يولغا چىقتى. ئۇ يىل بويى قار-مۇزلار ئې-
رىمەيدىغان ئېگىز بىر تاغ ئارىسىدىكى تار يولنى مىڭ
تەستە بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەر
ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلۇق ياپپېشىل ئوت-چۆپلەر
مەيىن شامالدا لەرزان تەۋرىنىپ تۇرغان، كىچىك-كىچىك
ئېرىقچىلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئىنتا-
يىن گۈزەل بىر يايلاققا يېتىپ كەلدى. ئېچىرقاپ كەتكەن
قوتاز پۇتىغا يۆگىشىپ تۇرغان ئوت-چۆپلەردىن تېتىپ
كۆرۈۋىدى، ئېغىزىغا بەكمۇ تېتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ ئوت-چۆپلەرنى بۇرۇنقىدەك تۆجۈپلەپ ئىلغاپ ئول-
تۇرماي، ئالدىغا ئۇچرىغىنىنى قارىقويۇق يېيىش بىلەن
بەند بولۇپ كەتتى. شۇ تاپتا قوتاز بۇلۇق ئوت-چۆپلەر-
نىڭ گويا بوياپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان ياپيېشىل رەڭ-
گىگە، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ئاجايىپ گۈزەل تۇرقىغا
قاراپ مەست بولۇپ، گۈزەللىك ئىچىگە رەزىللىك يوشۇ-
رۇنغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قوي-
مىدى. ئارىدىن بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتە-ئۆتمەيلا
قوتازنىڭ قورسىقى دۇمباقتەك تومپىيىپ چىقتى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ قاتتىق ئۇسساپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ سۈزۈك
سۇدىن قانغۇچە ئىچتى، بىردىنلا قوتازنىڭ قورسىقى
قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلىدى. قوتاز ئۆزىنىڭ ئاۋايلە-
ماي زەھەرلىك ئوت-چۆپ يەپ سالغانلىقىنى سەزدى-دە،
قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي
ئۇياندىن بۇيانغا يۈگۈرۈپ باقتى، ئوت-چۆپ ئۈستىدە
دومىلاپمۇ كۆردى. بىراق بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بول-
مىدى، قورسىقىنىڭ مۇجۇپ ئاغرىشى بارغانسېرى كۈچە-
يىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر بولالماي، ئۆزىنى چۆكتۈرگۈ-
دەك ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى.

— قارىغاندا ھەرقانداق بالا-قازا ئۆز نەپسىنى يە-
غالماسلىقتىن كېلىدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى قوتاز پۇشاي-
مان ئوتىدا ئۆرتىنىۋېتىپ.

## بىر جۈپ لاي قونچاق

ھەيكەلتىراش سېغىز لايدىن بىرىنى ئوغۇل، بىرىنى
قىز قىلىپ بىر جۈپ قونچاق ياسىدى. بۇ قونچاقلار
شۇنداق ئوخشىتىپ ياسالغاندىكى، ئۇلارنىڭ كۈلۈمسى-
رەپ تۇرغان ئۇماق چىرايى، مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىپ
تۇرغان سەبى كۆزى، ئاز-تولا كەپسىزلىك ئالامەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە بۇرنى، بىر تەرەپكە سەل- پەل
قىيسىيىپ تۇرغان نېپىز لېۋى تىرىك باللاردىن ھېچقانچە
پەرق قىلمايتتى. ھەيكەلتىراش ئۇلارنى خۇمدانغا سېلىپ،
يالقۇن ئىچىدە تاۋلىماقچى بولۇۋېدى، ئوغۇل قونچاق خۇ-
شاللىق بىلەن رازى بولدى، قىز قونچاق زادىلا ئۇنىمىدى.

— قورقىمەن! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — تاۋلى-
نىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ناۋادا تاۋلىنىمەن دەپ كۆلگە ئايلى-
نىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇنداق
تۇرۇۋەرگىنىم تۈزۈك. مەيلى، مۇسكۇللىرىم قاتمىسا قاتما-
ۋەرسۇن، ھازىرقى تۇرقۇم بىلەنمۇ گۈزەل ھېسابلىنىۋېرى-
مەن، باللارنىڭ ياخشى دوستى بولۇۋېرىمەن!...

ھەيكەلتىراش قىز قونچاقنى ھەرقانچە قىلىپمۇ گەپكە
كۆندۈرەلمەي، ئاخىر ئۆز رايىغا قويۇپ بەردى. ئوغۇل
قونچاق خۇمداندىكى لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن ئىچىدە
تاۋلىنىپ قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ئالتۇندىن
ھەل بېرىلگەندەك چاقناپ تۇراتتى. قىز قونچاق ئۆزىنىڭ
يالقۇن ئىچىدە تاۋلىنىش جاپاسىدىن قورقۇپ بارمىغانلىقىغا
ئىچىدە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدا تەن بەر-
گىسى كەلمەي «ھىم!» دەپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن
باللار ئوغۇل قونچاقنى تالىشىپ ئوينايدىغان بولدى، قىز
قونچاق بىر چەتتە قالدى، ئۇ ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى. بۇ-
نىڭغا نېمە ئامال بار دەيسىز؟ ئۇ سەۋەنلىكىنىڭ ئۆزىدىن
ئۆتكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ
يۈرۈۋەردى. بىر كۈنى باللار بۇ قونچاقلارنى تالادا
ئوينىتىپ قېلىپ، ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى. كېچىسى قاتتىق
يامغۇر ياغدى، تاۋلانغان ئوغۇل قونچاق يامغۇر سۈيىدە
يۇيۇلۇپ تېخىمۇ پارقىراپ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك
گۈزەل تۈسكە كىردى، تاۋلانمىغان قىز قونچاق بولسا ئېرى-
لەنمىگەن خېمىردەك ئېرىپ، لايغا ئارىلىشىپ كەتتى...

## ئېيىقنىڭ ئارتىس تاللىشى

ئېيىق ھايۋانات سەنئەت ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرماقچى
بولۇپ يايلاققا كەلدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھايۋانلار ئۆزلىرىنى بەس-
بەستە تىزىمغا ئالدۇرۇشتى، كېيىك ئۆزىنى ئۇسسۇلچىلىققا
تىزىملاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ تاقلىما ئۇسسۇلنى بەكمۇ ياخشى
ئوينايتتى. بىپايان، ياپيېشىل يايلاقتا ئۇياندىن- بۇيانغا
شوخلۇق بىلەن يېنىك تاقلاپ ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇرسا
ھايۋانلارلا ئەمەس، ھەتتا كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن
قۇش- قاناتلارمۇ ئۇنىڭ لەرزان ئۇسسۇلنى زوقلىنىپ كۆ-
رەتتى. لېكىن ساددا كېيىك ئاچ كۆزلۈك ۋە تاماخورلۇق
بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئېيىقنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىپادىنى
ياخشى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىغاچقا
ئارتىسلىققا تاللانمىدى. بۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالغان ھىيلىگەر
تۆگە ئېيىقنى سېمىز پاقلان گۆشى بىلەن بىر- ئىككى قېتىم
مېھمان قىلىۋېدى، مەمنۇن بولغان ئېيىق شۇ ھامان ئۇنى
ئۇسسۇلچىلىققا تاللىدى، بۇنى كۆرۈپ ئېشەكنىڭمۇ ناخشى-
چى بولغىسى كېلىپ قالدى ئېشەك كۆپ باش قاتۇرۇش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئامراق قىزىنى ئېيىققا توقاللىققا بەردى.
ئېيىق شۇ يەردىلا ئېشەكنى 1- دەرىجىلىك ناخشىچى دەپ
بېكىتتى. سۇنايچى، داپچى، غېجەكچىلەرمۇ ئەنە شۇنداق
يول بىلەن تاللاندى. نارازى بولغان ھايۋانلارنىڭ غۇلغۇ-
لىسى، ئاچچىق گەپ- سۆزلىرى ئېيىقنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ
قويمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇستىلىق بىلەن قولغا كىرگۈزگەن
ئېسىل سوۋغا- سالاملار ئۈستىدە كېرىلىپ يېتىپ، شېرىن
خىيال سۈرۈۋاتاتتى. «تۆگە ئۇسسۇلچى، ئېشەك ناخشى-
چى قىلىنغان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاقىۋىتى قانداقراق
بولار؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا ھازىر-
چە ئۇنىڭ چولىسى تەگمەيتتى.

شۇنداق، پارىخور ئەمەلدارلار بار يەردە ئادىللىق
نېمە قىلسۇن؟!

## تۆمۈر زەنجىر بىلەن كەندىر ئارغامچا

لىق تاش قاچىلانغان يوغان- يوغان سېۋەتلەرنىڭ
بەزىلىرى تۆمۈر زەنجىر بىلەن، يەنە بەزىلىرى كەندىر
ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلاندى- دە، بارغانسېرى كېڭىيە-
ۋاتقان يار ئېغىزىغا تاشلاندى. يار ئېغىزى ئاخىر ئېتىلىپ،
ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغاندا تۆمۈر زەنجىر ئۆزىگە ياد-
دىشىپ تۇرغان كەندىر ئارغامچىغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى
بىلەن قاراپ قويۇپ، ئېغىز ئاچتى:

— ھوي تومپاي سەھرالىق! ئەپتىڭگە باقماي مەن
بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ قارىغاندا ئۆ-
زۈڭنى خېلى قالتىس چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— يوقسۇ! — دېدى كەندىر ئارغامچا كەمتەرلىك
بىلەن، — قەستەن يېنىڭىزغا سۈركىلىپ كېلىۋالغىنىم يوق،
يار ئېغىزىنى ئەتكۈچىلەر مۇشۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويغان
تۇرسا مەندە نېمە ئامال بولسۇن دەيسىز؟!

— ئۆزۈڭنى بۇنداق مۇغەمبەرلەرچە ئاقلىما! —
دېدى تۆمۈر زەنجىر تەنبىھ ئاھاڭىدا، — قوپال تېرەڭ
سىيلىق تېنىمگە تەگسىلا شۈركۈنۈپ كېتىۋاتىمەن، ھېچ

2016.5

بولمىسا مەندىن نېرىراق تۇر!

— مېدىرلىيالمايمەن! — دېدى كەندىر ئارغامچا چۈشەندۈرۈپ، — ناۋادا مەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇشنى خالىمىسىڭىز ئۆزىڭىز يىراقراق كەتسىڭىز بولمىدىمۇ، بىلىپ قويۇڭكى، سىزگە ھەرگىز ئېسىلىۋالمايمەن!

تۆمۈر زەنجىر غەزىپىگە پايلىماي، بىر-بىرىگە زىچ چېتىلغان ھالقىلىرىنى شاراقشىتىپ ھەيۋە قىلغاچ چالۋاقاشقا باشلىدى، — ھالىڭغا بېقىپراق گەپ قىل جۇمۇ! بولمىسا ھېلى تۆمۈر مۇسكۇللىرىم بىلەن يۇڭلۇق، ياقپاق ئومۇرتقىلىرىڭنى يانجىپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتەمەي يەنە!...

كەندىر ئارغامچا تۆمۈر زەنجىرنىڭ ئۇزاقتىن-ئۇزاققا سوزۇلغان چالۋاقاشلىرى ۋە پوپوزا-تەھدىتلىرىگە ئىنكاس قايتۇرماي جىم تۇرۇۋالدى. تۆمۈر زەنجىرمۇ تولا سۆزلەۋېرىپ ھالىدىن كەتتى. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندە تۆمۈر زەنجىر ئاستا-ئاستا داتلىشىپ، چىرىپ، ئۇۋۇلۇپ، لايدىن ھېچقانچە پەرق قىلماس بولۇپ قالدى، كەندىر ئارغامچا بولسا سۇ ئاستىدا قانچە ئۇزاق تۇرغانسىرى شۇنچە چىڭىپ، ھەرقانچە كۈچەپ تارتسىمۇ ئۈزۈلمەيدىغان چىدامىلىق ئارغامچىغا ئايلاندى.

## قارا قاغا بىلەن ئالا قاغا

قارا قاغا ئالا قاغىنىڭ كۆمۈپ قويغان بىر باش كۆمەقونىقىنى ئوغرىلاۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالدى.

— ھۇ يۈزسىز شەرمەندە، — ئالا قاغا خىجىللىق ئىلكىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان قارا قاغىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى، — ئىزا-نومۇس دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن ھەي تېگى پەس گاداي؟ مانا ئەمدى رەسۋا بولدۇڭ، خەلقئالەم ئالدىدا قايسى يۈزۈڭ بىلەن ياشايسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق ئۆلۈۋال! ئەھۋالدىن قارىغاندا نەپسانىيەتچىلىكتىن قارىداپ كەتكەن كۆڭلۈڭمۇ خۇددى قاتتىق ئىسلىشىپ كەتكەن موردىن ھېلىلا چىققاندەكلا كۆرۈنىدىغان تاشقى قىياپىتىڭ بىلەن بىردەك ئوخشايدۇ!...

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال، ئالا باي! — قارا قاغا ئۆزىنى سەل-پەل تىختىتىۋالغاندىن كېيىن غەزىپىنى زورىغا بېسىپ، ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى، — ئۇستىڭگە رەڭدار بەقەسەم تون كىيىۋېلىپلا ئۆزۈڭنى «ئالىيجاناب، مۆتىۋەرلەردىن مەن» دەپ ئويلاپ قېلىۋاتامسەنا؟ بۇ كۆممىقوناقنى ئۆزۈڭمۇ دېھقانىنىڭ خامىنىدىن تېخى تۈنۈگۈن ئوغرىلاپ كەلمىدىڭمۇ؟! ئىككىمىز ئوخشاشلا ئوغرى بولغاندىكىن، مېنى تىللىغىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنىمۇ تىللىغىنىڭ، شۇڭا ئاغزىڭغا بېقىپراق گەپ قىلغىنىڭ ياخشىمىكىن!...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالا قاغىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپلا كەتتى، ئاغزىمۇ دەماللىققا گەپكە كەلمەي قالدى.

## بالايىئاپەت نەدىن كەلدى؟

ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر ۋە ئۇششاق-ئۇششاق گۈل-چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان گۈزەل بىر يايلاقتا بىر توپ قوي ياشايتتى. يۇگەشمە مۇڭگۈزلۈك قاۋۇل قارا قوچقار قويلارنى بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايتتى. بىر قېتىم ئۇ قويلارغا ھۇجۇمغا ئۆتكەن بىر بۆرىنىڭ قورسىقىنى ئۆتكۈر مۇڭگۈزى بىلەن چۇۋۇپ تاشلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۆرىلەر قوچقارنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ بۇ بىر توپ قويغا ئاسانلىقچە ھۇجۇم قىلماس بولۇپ قالدى. كېيىنچە قاياقتىندۇر قارا قوچقارغا ئوخشاش قاۋۇل كەلگەن ئاق بىر قوچقار يېتىپ كېلىپ، غەم-غۇسسىسىز، ئارامخۇدا ياشايدىغان بۇ قويلار توپىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوچقار ئارىسىدا جەڭگى-جېدەل قۇرۇماس بولدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن قويلارغا سەركەردە بولۇش ھوقۇقىنى تالاشقاندىن باشقا يەنە ئۈستۈن-تۆۋەنلىك ۋە نام-ئاتاقمۇ تالىشاتتى. تالىشىش تۈگىمىگەچكە سوقۇشمۇ تۈگىمىدى. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك يىراقتىن بىر-بىرىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ «قاس-قۇس» قىلىپ كاللا سوقۇشتۇراتتى. بىر-بىرىگە قاتتىق تەگكەن مۈڭگۈزلەردىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى بىچارە، يۇۋاش قويلارنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىز جىغىلدىتاتتى. قويلارنىڭ ئەپ ئۆتۈش توغرىسىدىكى سەممىي ئۆتۈنۈشلىرى ۋە يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرى نام-ئاتاق ئۈستۈن-تۆۋەنلىك تالىشىش بىلەنلا بەند بولۇپ كەتكەن ئىككى قوچقارغا زادىلا كار قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قوچقار تۈزۈك ئوت-چۆپمۇ يېمەي ھەدەپ سوقۇشۇۋېرىپ، ھېرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ ھالىدىن كېتىشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ پەيتنى پايلاپ تۇرغان بۆرىلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتتى-دە، تېخىچە بىر-بىرى بىلەن دەلدۈگۈنۈپ سوقۇشۇۋاتقان ئىككى قوچقارنىڭ دىققەتسىزلىكى ۋە دەرماسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال ئۇلارنى قانغا بويىۋەتتى. ئاندىن كېيىن قورقۇنچ ئىلكىدە لاغىلداپ تىترەشكە باشلىغان قويلارنى بىر-بىرلەپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئىككى شۆھرەتپەرەس قوچقارنىڭ ئىناقسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قوي توپىمۇ ئەنە ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ئېغىر ئاقىۋەتكە قالدى.

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بەنگۇڭتىڭى)



MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاۋات خەلقىنىڭ تال توقۇمىچىلىقى

دۆلەت ئاقنىياز



ئاۋات ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە ـ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىمىي ئېقىنى ئورنىدىكى بوستانلىققا جايلاشقان، شەرقىي ـ جەنۇبىي ۋە غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپى چەكسىز كەتكەن تەبىئىي توغراق ۋە يۇلغۇن ئورمانلىرى بىلەن قاپلانغان، ئاۋاتلىقلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ تۈرلۈك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەقلىد قىلىپ ياساش، كەشىپ قىلىشنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن نۇرغۇن قول ھۈنەر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، جۈملىدىن ئۆز يۇرتىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، توغراق، يۇلغۇن، سۆگەت تاللىرىدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى توقۇشتىن ئىبارەت تال توقۇمىچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان، تۆۋەندە بىز مۇشۇنىڭغا دائىر بىر قىسىم ماددىي بۇيۇملار بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقانلىقتىن كىشىلەرنىڭ تالدىن توقۇلغان بۇيۇملارغا بولغان ئېھتىياجى ۋە تال توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارغانسېرى ئازىيىپ بارماقتا، شۇنداق بولغاچقا تالدىن توقۇلغان بۇيۇملارنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قاراپ پەقەت ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىش ئورنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

1. باداڭ سېۋەت: ئاستى دىيامېتىرى 50 ـ 60 سانتىمېتىرغىچە، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 60 ـ 70 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 80 ـ 120 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ ئائىلىدە نەرسە ـ كېرەكلەرنى قاچىلاپ ساقلاشقا ئىشلىتىپ كەلگەن.

2. يۇملاق سېۋەت: باغسىز ۋە باغلىق ئىككى خىل بولىدۇ، باغسىز سېۋەتنىڭ ئاستى دىيامېتىر 40 ـ 50 سانتىمېتىرغىچە، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 50 ـ 70 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 40 ـ 50 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، ئائىلىدە نەرسە ـ كېرەكلەرنى قاچىلاپ ساقلاشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن، باغلىق سېۋەت، باغسىز سېۋەتتىن كىچىكرەك بولۇپ سۆگەتنىڭ چوت دەستىسى تومۇلۇقىدىكى ھۆل بادىرىسىنى ياي شەكلىدە ئېگىپ باغ

بېكىتىلىدۇ، ئائىلىدە نەرسە - كېرەكلەرنى قاچىلاپ يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

3. قېتىق سېۋىتى: ئاستىنىڭ دىيامېتىرى 40 - 50 سانتىمېتىرغىچە ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 45 - 55 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، سۆگەتنىڭ چوت دەستىسى تومۇلۇقىدىكى ھۆل بادرىسىنى ياي شەكلىدە ئېگىپ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى تال باغ بېكىتىلىدۇ، بۇ، ئەپكەش بىلەن كۆتەرگەندە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا پايدىلىق، بۇ خىل سېۋەتنى ئاساسەن بازارغا قېتىق ئەكىلىپ ساتىدىغانلار ئىشلىتىدۇ، باققاللارمۇ ئىشلىتىدۇ.

4. ئاياغ سېۋىتى: ئاستىنىڭ دىيامېتىرى 50 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 60 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە تاماق يېيىشكە ئىشلىتىدىغان ياغاچتىن ياسالغان، ئاياغ، چويلا، چۆچەك، لىگەن قاتارلىقلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

5. لىگەن شەكىللىك سېۋەت: لىگەن شەكلىدە توقۇلغان بولۇپ، ئاستىنىڭ دىيامېتىرى 50 - 60 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 70 - 80 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ خىل سېۋەتنى ناۋايلار ئىشلىتىپ كەلگەن، ئاق نان، گىردە، گۆشگىردە، سامسا قاتارلىقلارنى قاچىلاپ گاھىدا بېشىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

6. سوقا سېۋەت: ئاستى كەڭلىكى 20 - 30 سانتىمېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 30 - 40 سانتىمېتىرغىچە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە باشلىنىپ، ئېگىزلىكى 30 - 40 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 35 - 40 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 - 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، توغرا تەرەپىنىڭ تەڭ ئوتتۇرىسىغا سۆگەت بادرىسىدىن ياي شەكلىدە ئەگمە باغ بېكىتىلىدۇ، ئېھتىياجىغا ئاساسەن چوڭ - كىچىك توقۇشقا بولىدۇ، بۇ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان قولغا يېقىن، ئەپچىل مۈلۈك بولۇپ، تال - توقۇمىچىلىق مەدەنىيىتىدىكى ھازىرغىچە رولىنى يوقاتماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تىپىك تۈردۇر.

7. ياپقۇچلۇق سېۋەت: ئاستىنىڭ دىيامېتىرى 30 - 40 سانتىمېتىرغىچە، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 30 - 25 سانتىمېتىرغىچە، ئاستى كەڭ ئۈستى تار، يۇمىلاق شەكىلدە توقۇلۇپ ئۆز ئۆرۈچىدىن ياكى سۆگەتنىڭ كىچىكرەك بادرىسىدىن ياي شەكىللىك باغ بېكىتىلىدۇ، ئۆز ئۆرۈچىدىن چۆرىسىگە پەنجىرە شەكىللىك قىرغاق تۇتۇلىدۇ، ئۈستىگە سېۋەتنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ چوڭلۇقتا ياپقۇچ توقۇپ باغقا مۇقىملاشتۇرىدۇ، بۇ خىل سېۋەتنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش، چىۋىن كىرەلمەسلىك ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ساقلاش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

8. قوشۇقلۇق سېۋەت: شەكلى ياپقۇچلۇق سېۋەت بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۆز ئۆرۈچىدىن ياكى سۆگەتنىڭ كىچىك بادرىسىدىن ياي شەكىللىك باغ بېكىتىلىدۇ، چۆرىسىگە پەنجىر شەكىللىك قىرغاق تۇتۇلىدۇ. كىچىكلىرىنى چوكا، قوشۇق قاتارلىقلارنى ساقلاشقا، چوڭراقلىرىنى ئۆزئارا سوۋغا قىلىدىغان يەل - يېمىشلەرنى قاچىلاشقا ئىشلىتىپ كەلگەن.

9. يىك سېۋىتى: ئاستى كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 10 - 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، سوقا شەكلىدە توقۇلىدۇ، كۆپىنچىسىگە ئۆز ئۆرۈچىدىن ياكى سۆگەتنىڭ كىچىك بادرىسىدىن ياي شەكلىدە باغ بېكىتىلىدۇ، بەزىلىرىگە باغ بېكىتىلمەيدۇ، چۆرىسىگە ئۆز ئۆرۈچىدىن پەنجىرە شەكىللىك قىرغاق تۇتۇلىدۇ، بۇ خىل سېۋەت پاختا يىپ ئېگىرىشكە كېرەكلىك بولغان يىك، تۇرمۇز، يىپ تۈرىدىغان قومۇش (قومۇش دەپ ئاتالسىمۇ ئۇنىڭغا ئاساسەن ئاپتاپپەرەسنىڭ غولى ئىشلىتىلىدۇ)، چاق چۆرگۈچ، تانا، چەمەك، ئۇچ قىلىنغان پاختا قاتارلىقلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

10. توخۇ سېۋىتى: دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھالىتى چوڭ قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ، دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھالەتتىكى ئۈستىنىڭ دىيامېتىرى 60 - 70 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، تەڭ ئوتتۇرىغا توخۇلارنى سولاش، ئېلىش ئۈچۈن دىيامېتىرى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تۆشۈك قالدۇرۇلىدۇ، ئاستى تەرەپىنىڭ ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 80 - 120 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن پەنجىرە شەكلىدە توقۇلىدۇ، ئېگىزلىكى 70 - 80 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا توخۇلارنى سولاپ

MIRAS

بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

11. كەپتەر سېۋىتى: ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، پاراللېل پېپىد شەكلىدە توقۇلىدۇ، ئاستىنىڭ باشلىنىشى سوقا سېۋەتكە ئوخشاش، تۆت يان تەرىپى رېشاتكىلىق قىلىپ توقۇلىدۇ، ئۈستىگە دەل كېلىدىغان تىك بۇلۇڭ شەكىللىك ياپقۇچ توقۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ھەم ياپقۇچنىڭ ئۈستىدىن كەپتەرنى ئېلىپ ـ سالغۇدەك كىچىك ئېغىز قويۇلىدۇ، بۇ خىل سېۋەت كەپتەرلەرنى يۆتكەش، بازاردا ئېلىم ـ سېتىم قىلىشتا ئىشلىتىلىپ كەلگەن، چوڭراق توقۇلغانلىرىنىڭ ئاستى تەرىپى ئوچۇق بولۇپ، كەپتەرلەرنى ئۆز جايىدا تۇرغۇزۇپ بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

12. زەمبىل: دىيامېتىرى ئۈچ ـ تۆت سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 170 ـ 180 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئىككى تال تۈز بادىرىدىن زەمبىل دەستىسى تەييارلىنىدۇ، ئارىلىقىنى 50 سانتىمېتىر كەڭلىكتە پاراللېل قويۇپ، تۆت تال قوزۇق ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن دەستىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 50 سانتىمېتىرغىچە قالدۇرۇپ، ئوتتۇرىسى تال بىلەن سېۋەت توقۇغاندەك توقۇلىدۇ، ئىشلىتىدىغان تال سېۋەتنىڭكىدىن ئۇزۇن ھەم تومراق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، زەمبىلنى ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ، نەرسە ـ كېرەك يۆتكەش توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

13. كاجىۋا: دەستىنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئاستى تەرىپىنىڭ توقۇلۇشى زەمبىل بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، ئىشلىتىدىغان تال زەمبىلنىڭكىگە قارىغاندا تومراق ھەم ئۇزۇن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاستىنى توقۇش جەريانىدا تالنىڭ ئۇچىنى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا زاپاس قالدۇرۇپ ئۈستىگە يىغىپ 40 ـ 50 سانتىمېتىرغىچە ئېگىزلىكتە سېۋەتكە ئوخشاش ئايلاندۇرۇپ توقۇلىدۇ، ئىچىنىڭ كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر بولىدۇ، چۆرىسى تالنىڭ قالدۇق ئۇچى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

خەلق كوممۇناسى مەزگىلىدە كوللېكتىپ خامانلاردا، چارۋا ـ قوتانلىرىدا نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۆتكەش




ئۈچۈن مۇھىم مۈلۈك قاتارىدا ئىشلىتىلگەن، قاچىلانغان نەرسە يېنىك بولسا ئىككى ئادەم، ئېغىرراق بولسا تۆت ئادەم كۆتۈرەتتى.

14. تال سۆرەم: دىيامېتىرى يەتتە ـ ئون سانتىمېتىرغىچە بولغان ئۈچ تال ياغاچنى چاسلاپ تەييارلىغاندىن كېيىن ئارىلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ، ئىككى تەرەپتىن ئوخشاش تومۇلۇقتىكى ياغاچ بىلەن چېتىق سېلىنىدۇ، ئاندىن دىيامېتىرى 5.1 ـ 2 سانتىمېتىرغىچە بولغان تومراق تالنى تاللاپ تالنىڭ چوڭ بېشىنى سۆرەمنىڭ ئاستى تەرىپىگە كەلتۈرۈپ زىچ قىلىپ توقۇلىدۇ، تال ئۇچىنىڭ ئۈستىگە كەلگەن قىسمى كېسۋېتىلىدۇ، تېرىلغۇ مەزگىلدە ئۇلاغ ياكى تىراكتورغا سۆرۈتۈپ، ئېتىزدىكى چالمىلارنى ئېزىپ تۇپراقنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئېغىرلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈستىگە ئادەم چىقىسمۇ ياكى خالتىغا قۇم، توپا قاچىلاپ ئېلىپ قويىسمۇ بولىدۇ.

15. غورو: قوش قانات ياكى يالاڭ قانات قىلىپ ياسىلىدۇ، قوش قاناتلىق قىلىپ ئەتكەندە ئەنئەنىۋى ھارۋىلارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ھەر بىر قاناتنىڭ كەڭلىكى 150 سانتىمېتىردىن كەم بولمايدۇ، ئادەملەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئېگىزلىكىمۇ 150 سانتىمېتىردىن كەم بولمايدۇ، ھەر بىر قانات ئۈچۈن تۆت تال ياغاچنى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە چېتىپ ئوتتۇرىسىغا توغرا يۆنىلىشتە ئۈچتىن تۆتكىچە بالداق سېلىپ چوڭراق تال بىلەن تىك يۆنىلىشتە توقۇلىدۇ، ئېھتىياجىغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك، قوش قانات ياكى يالاڭ قانات قىلىپ توقۇپ ئېغىل قوتان ۋە ھويلىلارغا ئىشىك ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

16. چويلا (19 ـ رەسىم 20 ـ فوتو سۈرەت): 3 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە (سۆگەت تېلىنىڭ پوستى قېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن) ئىنچىكىرەك تالنى تاللاپ قوۋزىقىنى سىيرىپ

چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى ئاق تالدىن توقۇلىدۇ، دەستىسى ئۆزىدىن چىقىرىلىدۇ، چوڭ - كىچىكلىكى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان چويلا بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، لەگمەن، تۈگۈر، چۆپ قاتارلىقلارنى سۈزۈشكە ئىشلىتىلىپ كەلگەن.



17. تال سۈپۈرگە (شاخ سۈپۈرگە دەپمۇ ئاتىلىدۇ: توغراق، يۇلغۇن، سۆگەت تاللىرىدىن ئۇزۇنلۇقى 120 - 150 سانتىمېتىرغىچە بولغان تاللارنى ئېھتىياجغا قاراپ چوڭ ياكى كىچىك قىلىپ باغلاپ (بوغۇپ) ياسىلىدۇ، تال سۈپۈرگە ھويلا - ئارانلارنى، تام - تورۇسلارنى سۈپۈرۈش، خامان سۈپۈرۈش، بۇغداينى چەش تاشلاۋاتقاندا چاداش (چەشنىڭ ئۈستىدىكى سامان، چار قاتارلىقلارنى ئۈتتۈرلۈق سۈپۈرۈش) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلگەن.



يۇقىرىقى بۇيۇملارغا توغراق، يۇلغۇن، سۆگەت تاللىرى ئىشلىتىلىدۇ، باشقا دەرەخلەرنىڭ تاللىرى ئېلاستىكلىقى ياخشى بولمىغاچقا ئىشلىتىلمەيدۇ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئەتىۋارلىق ھېسابلانغاچقا ئۇلارنىڭ تاللىرى ئىشلىتىلمەيدۇ، تال ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى (چويلىدىن باشقا) 7 - ئايدىن كېيىن بولغىنى ياخشى، چۈنكى كۈز پەسلىدە تال پىشىپ ئەۋرىشىملىكى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلىتىش توغرا كەلسە ئاپتاپتا بىر ئاز سولاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ، قىش ۋاقتى ئىشلەتكەندە ئىسسىق جايدا قويۇپ توڭى ئېرىگەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ، توغراق، يۇلغۇن تاللىرىدا توقۇلغانلىرى پۇختا بولىدۇ، ئەمما بۇلار كەم تېپىلىدىغان بولغاچقا ئاساسەن سۆگەت تېلى ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىقى تال توقۇلما بۇيۇملىرى ئاۋاتلىقلار ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تۇرمۇشتا كەم بولمايدىغان ئەتىۋارلىق مۈلۈكلەر ھېسابلىناتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىمۇ غايەت زور يېڭىلىقلار بارلىققا كەلگەچكە يۇقىرىدىكى كۆپ قىسىم ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىنى ھازىرقى زامان يېڭى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىگىلىمەكتە، مەسىلەن، باداڭ سېۋەت ۋە يۇملاق سېۋەتنىڭ ئورنىنى سولياۋ خالتىلار، بېتون قۇرۇلمىلىق ئامبارلار ئالدى. ئاياغ سېۋەتنىڭ ئورنىنى زامانىۋى ئىشكاپلار تولۇقلىدى، ياپقۇچلۇق سېۋەتلەرنىڭ ئورنىنى توڭلاتقۇ ئالدى، قوشۇق سېۋىتىنىڭ ئورنىنى ئەپچىل مېتال ياكى سولياۋ قۇتىلار، چوڭراقلىرىنىڭ ئورنىنى قەغەز قاپ (يەشىك) لەر ئالدى.

توخۇ سېۋىتى ۋە كەپتەر سېۋىتىنىڭ ئورنىنى ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ياسالغان كاتەك قەپەزلەر ئالدى، چاق بىلەن يىپ ئېگىرىش ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالغاچقا يىك سېۋەتنى ھازىرقى ياشلار كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن، زەمبىل، كاجىۋا دېگەنلەرنىڭ ئورنىنى تۆمۈردىن ياسالغان قول ھارۋىسى ئالدى، تالدىن توقۇلغان چويلىنىڭ ئورنىنى تۆمۈر سىم

ياكى داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان چويلىلار ئالدى، تال سۇپۇرگىنىڭ ئورنىنى بامبۇك سۇپۇرگىلەر ئالدى، تال سۆرەم ھازىر مەلۇم دەرىجىدە ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، يۇرۇشلەشكەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئۇزاققا قالماي ئەمەلدىن قېلىشى مۇمكىن، تالدىن توقۇلغان غورىلارنى ھازىرمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن، ئەمما ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن زامانىۋى ئىشىك، دەرۋازىلار ھامان ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ، پەقەت سوقا سېۋەت بىلەن قېتىق سېۋىتى ھازىرمۇ ئىشلىتىۋاتقان بولۇپ، مۇشۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان يېڭى مەھسۇلاتلار مەيدانغا كەلگىچە بەلكى خېلى مەزگىل ئۆز رولىنى يوقاتماسلىقى مۇمكىن.

كونا شەيئىلەرنىڭ ئورنىنى يېڭى شەيئىلەرنىڭ ئىگىلىشى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان مۇقەررەر قانۇنىيەت، تال توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى قاتارىدا باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىمۇ زامانىۋى بۇيۇملار ئىگىلەپ ئۇلارنىڭ سۈپىتى، ئىقتىدارى، چىدامچانلىقى زور دەرىجىدە ئەلالاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، زامانىۋى مەھسۇلاتلار يەنىلا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئەتنى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا بارلىققا كەلتۈرگەن، ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھۈنەر - سەنئەت مىراسلىرىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، يېڭىلىقتىن ھۇزۇرلىنىشنىلا بىلىپ «كونا» نەرسىلەردىن بىراقلا ۋاز كېچىش تولىمۇ نادانلىقتۇر، ئەپسۇسكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى «تۆت كونا» قاتارىدا يوقىتىۋېتىلدى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان تەرەققىيات قانچە تېز بولغان بولسا بىر قىسىم كونا نەرسىلەرمۇ شۇنچە تېز يوقىلىشقا باشلىدى، مۇزېيلاردىكى ئاسار ئەتىقىلەرنى كۆرگىنىمىزدە ئارخېئولوگلارغا، يىغىپ ساقلىغۇچىلارغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز، ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قىسىم ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ھازىرقى ياشلىرىمىز ھەتتا يېقىنقى دەۋردىكى بەزى نەرسىلەرنى چۈشەنمەيدۇ، مەسلەن، تېخى 1980 - يىللارغىچە دېھقانلار خامان تېپىشكە ئىشلىتىدىغان «سەكسەنپۇت»نى مەلۇم جايدىكى بىر چۈشەندۈرگۈچى: «بۇ دېھقانلارنىڭ ئېتىزدىكى چالمىلارنى ئېزىشكە ئىشلىتىدىغان سايمىنى» دەپ چۈشەندۈردى، مۇشۇنىڭغا قاراپ بىزدە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ماددىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش جەھەتتە خېلى زور بوشلۇقنىڭ قېپقالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاۋات خەلقىنىڭ تال توقۇمىچىلىق مەدەنىيىتىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئالدىنقىلاردىن قالغان بىر قىسىم كونا نەرسىلەرنىڭ ئىستېمال قىممىتى قالمىغان بولسىمۇ، مۇمكىن بولسا ئەسلىي ھالىتى ياكى مودېلىنى ساقلاپ قويۇش، فوتو سۈرەت، سىنئالغۇ ياكى يازما خاتىرە قالدۇرۇش ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

ياشلىقىمىزدا كۆزگە ئىلمىغان نەرسىلەرنى ھازىر ئىزدەپمۇ تاپالمايدىكەنمىز، ياشلىقىمىزدا ئاڭلاشنى خالىمىغان «كونا گەپ»لەرنى ئەمدىلىكتە بىزگە قايتا سۆزلەپ بېرىدىغانلار يوق.

مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەۋەررۈك ئىزنالىرى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ ئۆچۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا ئەجدادلاردىن قالغان بىر قىسىم ماددىي مىراس ۋە غەيرىي ماددىي مىراس نامايەندىلىرىنى ھەرخىل يوللار بىلەن ساقلاپ قويساق، «ئۇن ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندە ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى، نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ، شۇنداقلا ئەۋلادلار ئۈچۈن بىر تۇرلۇك جانلىق دەرسلىك بولۇپ قېلىشى، ۋاقتى كەلگەندە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشى مۇمكىن، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ «كونا» نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە ھازىرقى بەختىيار دەۋرىمىزگە بولغان ھۆرمەت ئىپتىخارىمىز، مېھىر - مۇھاببىتىمىز ئۇرغۇپ تاشىدۇ، پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

(رەسىملەرنى ئاپتور ئۆزى سىزغان).

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ پېنسىيونېرى)



# ئۈزۈم توغرىسىدا

راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى

ئۈزۈم ــ ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى يۆگىمەچ پىلەك
غوللۇق، كۆپ يىللىق، پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان، دۇنيا-
دىكى ئەڭ قەدىمي يېتىشتۈرۈلگەن مېۋىلەرنىڭ بىرى
بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە خەلقىمىز ئۇنىڭ ئو-
زۇقلۇق تەركىبىنىڭ مولluقى، ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا-
لىقلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى... قاتارلىق
ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئەمگەكچان خەلقىمىز ئىلگىرى-
كى مەھەللە - كويلاردا ئۆستۈرۈشتىن كۆلەملەشتۈرۈپ
ئۆستۈرۈشكە يۈزلىنىپ، ئۈزۈمنىڭ شۆھرىتىنى مەملىكەت
ئىچىدىلا ئەمەس، قەدىمي يىپەك يولى ئارقىلىق خەلقئارا-
غىمۇ تونۇتۇپ، شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى، غەرب
بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە
تەرەققىياتىدا «سودا مىللىتى» دېگەن نامنى تېخىمۇ نامايان قىلدى.

## ئۈزۈمنىڭ تارىخى

ئۈزۈم ئاساسەن شىمالىي ئامېرىكا ئۈزۈمى، ياۋروپا
ئۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ياۋ-
روپا ئۈزۈمى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، قارا دېڭىز ۋە كاسپى
دېڭىزى ساھىلىدا بارلىققا كېلىپ، بۇنىڭدىن 5000 ــ 7000
يىللار ئىلگىرى سۈرىيە، مىسىر، ئىراق، جەنۇبىي كاپكاز
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا ئۆستۈرۈلگەن①.
ئۈزۈم ئۆرۈقدىشىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ،
ئۇنىڭ شىنجاڭدا كۆپرەك ئۆستۈرۈلگەن تۈرى 18 خىلدىن
ئاشىدۇ②. ئۈزۈم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقال-
غان، بولۇپمۇ تۇرپان، پىچان، قومۇل، قەشقەر، ئاتۇش
ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كۆپ چىقىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئۈزۈم ئەڭ كۆپ چىقى-
دىغان رايون بولۇپلا قالماستىن، ئېلىمىزدىكى ئۈزۈمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەڭ دەسلەپ ئۆزلەشتۈرگەن رايونلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

1901 - يىلى ئەنگلىيەلىك ئا. سىتېئىن خەن - جىن دەۋرلىرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - مىلادىيە 420 - يىللار)گە تەۋە نىيە خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، خارابە دائىرىسىدە تۆت ئەتراپى چىتلانغان باغلار ئىچىدىن ئەينى زاماندىكى ئۈزۈملۈك باغنىڭ قالدۇق ئىزىنى بايقىغاندىن بۇيان ③، بۇ خارابىلىكتىن ئۈزۈملۈك، ئۈزۈم ئەۋرىشكىسى ۋە ئۈزۈملۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تاراشا پۈتۈكلەر بايقالغان... A795 - نومۇرلۇق ئۈزۈملۈك (N44) 93A24 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ 150 مېتىر غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بايقالغان باغلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 122 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 6805 مېتىر بولۇپ، ئۈزۈم كۆچەتلىرى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە تىزىلغان ④. بۇنىڭدىن باشقا، خارابىلىكنىڭ شىمالىي ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر، تۆت ئەتراپى چىتلاق بىلەن قورشالغان ئۈزۈملۈك بايقالغان. بۇ ئۈزۈملۈكتىكى ئۈزۈم كۆچەتلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى توققۇز قۇر بولۇپ، شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە تىكىلگەن. ھەر بىر قۇر ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئارىلىقى ئىككى مېتىر چامىسىدا بولۇپ، ھەر بىر تۈپنىڭ ئالدىغا بېدىشقا ئېلىش ئۈچۈن ئورناتقان بېدىش خادا ياغاچلىرىنىڭ كۆتەكلىرى ھېلىمۇ ئۆز ئورنىدا ساقلانغان.⑤

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەلۇماتلار شىنجاڭنىڭ جەنۇبى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلار، خەن دەۋرىدە ئاللىبۇرۇن ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەنلىكى ھەمدە خەن - جىن دەۋرىدە خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ...

ئۈزۈم قەدىمدىن تارتىپلا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

قىسقىسى، ئۈزۈمنىڭ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق، ئۈزۈمزارلىق ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت، ئىبادەتخانا ۋە خۇسۇسىيلار ئۈزۈمزارلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلغان... شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا، كىشىلەر ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشتىن سىرت، يەنە مەيزاپ، مۇراببا، سىركە قاتارلىقلارنى چىقارغان. بولۇپمۇ ئۈزۈمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۈزۈمزارلىق، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى تەدرىجىي ھالدا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. جۈملىدىن سودا - سېتىق، رەنىگە قويۇش، باج تاپشۇرۇش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلگەن...

تارىختا «يىپەك يولى» ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ خەلقئارا سودا يولىدا، جۇڭگونىڭ نەپىس يىپەك توقۇلمىلىرى، دورا ماتېرىياللىرى، قەغەز ياساش ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى، كومپاس قاتارلىقلار غەرب ئەللىرىگە تارقىلىپ، غەرب ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى، ئەينەك بۇيۇملىرى قاتارلىقلار جۇڭگوغا كىرگەن. شىنجاڭ بۇ خەلقئارالىق چوڭ سودا يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان، يىپەك يولى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان جاي بولغاچقا، شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بىر تۈركۈم ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەر تارقىلىپ كىرگەن، ئۈزۈم دەل شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن مېۋىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشىدىكى ئەسلىي مەقسىتى، توخرىلار ۋە ئۇيسۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھۇنلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما كۈتۈلمىگەندە جاڭ چيەن ئۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقى، شال، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدىغانلىقى، باغ، ئۈزۈملۈكلەرنىڭ بارلىقى، ئۈزۈمدىن مەي - شاراب چىقىرىدىغانلىقى، بايلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مەي - شارابلارنى نەچچە ئون يىلغىچە ساقلايدىغانلىقىنى كۆرگەن⑥. بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يوق بىر تۈركۈم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سورتىنى بايقىغان، شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىشىدا ئۈزۈم كۆچەتلىرى قاتارلىقلارنى ئالغاچ كەتكەن، ئۈزۈم ئالدى بىلەن خان ئوردىسى ئىچىدىكى باغلاردا ۋە چاڭئەننىڭ يېقىن ئەتراپىدا يېتىشتۈرۈلگەن. دېمەك، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈزۈم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغان، كېيىنچە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش تېخنىكىسىمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەن.

### ئۈزۈمدىن ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى تەييارلاش

ئىچىملىكنىڭ ئىچىملىك ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئىنسانلار خېلى بۇرۇنلا ھەر خىل سۈيۇق ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال

قىلغان، بولۇپمۇ قەدىمكى ئەجدادلار سۈت، قېتىق ۋە قېمىز قاتارلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، كېيىنچە ئىنسانلار مېۋىلەردىن تەبىئىي هاسىل بولغان ئىچىملىكلەرنى، بايقىغان، ئۈنى ياساپ ئىستېمال قىلغان ھەمدە تاۋار ئورنىدا ئالماشتۇرغان ياكى ساتقان.

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4600 - يىل ئەتراپىدا، مېسسوپوتامىيە رايونىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن ۋە ھاراق ئىشلەشكە ئىشلىتىلگەن⑦. مىسىردىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىكى قەبرىدىن ئۈزۈمنى سىقىش ۋە بېسىش ئارقىلىق ئىچىملىك ئىشلەۋاتقان بىر پارچە تام رەسىمى تېپىلغان، بۇ بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي مىسىردا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ⑧.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ۋە ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلىگەن رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر، پەرغانە خاتىرىسى»دە، غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقى، ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ بارلىقى، ئۈزۈمدىن ھاراق چىقىرىلىدىغانلىقى، بايلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ھاراقنى نەچچە ئون يىل ساقلايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

تۇرپان، ئاستانە - قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى جىن - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگە تەۋە قەبرىلەردىن چىققان خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقىغا (مۇسەللەسكە) ئائىت مەلۇماتلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 91 - نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان «شىمالىي لياڭنىڭ شۈەنشى 11 - يىلى (مىلادىيە 422 - يىلى) ماشۇنىڭ (ئۈزۈم ھارىقى چىقىرىش توغرىسىدىكى مەلۇماتنامىسى»دا 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىر كۈندە چىقىرىلغان ھاراقنىڭ يەتتە خودىن ئارتۇق بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن⑨. «قوچۇدىكى مەلۇم بۇددا ئىبادەتخانىسىغا ئايدا كېتىدىغان تېرىق، پۇل، مۇسەللەسلەرنىڭ ھېساباتى»دىمۇ مۇسەللەسكە ئائىت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ⑩.

خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىمۇ مۇسەللەس توغرىسىدىكى خاتىرىلەر خېلى كۆپ.

ئومۇمەن، دەسلەپكى مەزگىلدە ئۈزۈم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا (ئىچكى ئۆلكىدە) تېخى كەڭ دائىرىدە ئۆستۈرۈلمىگەن بولۇپ، ھاراق چىقىرىدىغان خام ئەشيا كەم بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان ئۈزۈم ھارىقىدىن ئىبارەت ئىچىملىك ئاساسەن نەچچە 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى غەربىي يۇرتتىن (شىنجاڭدىن) ئېلىپ كېلىنگەن. شۇڭا ئۇنىڭ



ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نەرخى ـ باھاسىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ پەقەت بەگ ـ غوجاملارلا بەھرىمەن بولالايدىغان قىممەتلىك ئىچىملىك بۇيۇمى ھېسابلانغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئاھالىلەر شىنجاڭدىن يۆتكەپ تىكىپ ئۆستۈرگەن ئۈزۈمنى ئېچىتىپ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلىگەن.

**ئۈزۈم مۇرابباسى:** مۇراببا ــ قەدىمكىلەر ھەر خىل مېۋە ھەم بەزى كۆكتاتلارنى شېكەر قىيامى ياكى ھەسەل قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ قايىنىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇيۇق يېمەكلىك، ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۈزۈم مۇرابباسى ئۇنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈزۈمدىن مۇراببا ئىشلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا ئۈزۈم مۇرابباسىنىڭ ئىشلەنگەنلىكى ۋە ئىستېمال قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 153 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە ھۆججەت ـ قوچۇدىكى مەلۇم بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈزۈملۈكىدىن پايدىلىنىش توغرىسىدىكى ھۆججەتتە «بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بىر ئۈزۈملۈكى... (ئۈزۈم) مۇرابباسى 37 خو، 10 ـ ئايدا، ئۈزۈم مۇرابباسى قايتۇرۇلۇپ تۈگىتىلىدۇ» دەپ يېزىلغان.⑪ بۇنىڭدىن باشقا، «قوچۇ بەگلىكىنىڭ يەنشۇ 9 ـ يىلى (مىلادى 632 ـ يىلى) فەن ئالياۋنىڭ مۇراببا ياساپ بېرىش ئۈچۈن پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىق ھۆججىتىدە، « 20 پۇڭ كۈمۈش يارماق ئالدىم. 10 ـ ئايدا، ئالتە خو بەش كۆرە (ئۈزۈم) مۇرابباسى (بىلەن) ئۈچ خو سىركىنى بىر خولۇق ئىدىش بىلەن بېرىمەن. (ئۈزۈم) مۇرابباسى يۈزى پاختىلاشقاندا، كۆپتىن چىقىرىلىدۇ. 10 ـ ئايدا مۇراببا تۈگىمىسە، بىر كۆرە مۇراببا بىر كۆرە سىركىگە ئايلىنىدۇ...» دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان... ⑫

**ئۈزۈم شەربىتى:** ئۈزۈم شەربىتى ئەينى ۋاقىتتا خېلى كەڭ دائىرىدە ئىشلىنىپ ئىستېمال قىلىنغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. 1964 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 35 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان خەنزۇچە ھۆججەتتە: «...ئۈزۈملۈكتىكى ئۈزۈم شاخلىرىنى يىغىپ، ئۈستىگە يېپىپ، چەيلەپ ئۈزۈم شەربىتى چىقىرىش ھەمدە ئۈزۈم شاخلىرىنى ئېلىۋېتىپ... توشۇلغان ئۈزۈم شەربىتى جەمئىي... ئون ئۇلاغدا ئۈزۈم شەربىتى توشۇلدى، ئالۋاڭ تامام...»⑬ دەپ يېزىلغان، بۇ ھۆججەت مىلادىيە 698 ـ يىلى پۈتۈلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە، ئۈزۈم شەربىتىگە مۇناسىۋەتلىكلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، L030, MI23, L003 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتلەر ئۈزۈم شەربىتىگە ئالاقىدار ھۆججەتلەردۇر⑭. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 014L ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «ئەجدىھا يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەن تورچىغا سۈچۈككە (ئۈزۈم شەربىتىگە تېگىشىشكە) بوز كېرەك بولۇپ، قايىمتۇدىن بىر يېرىم بوز (قەرز) ئالدىم. كۈز بېشىدا 30 تەنبىن كېلىدىغان بىر قاپ ئۈزۈم شەربىتى بېرىمەن. بەرمەستىن كېچىكتۈرسەم، ئەل قائىدىسى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تولۇق تاپشۇرىمەن. ئەگەر تاپشۇرغىچە يا ئۇنداق، يا مۇنداق بولۇپ قالسام، ئوغلۇم تەمۇر بۇقا ئۆيدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە تولۇق تاپشۇرسۇن، گۇۋاھچى قاراباخشى، گۇۋاھچى تەمۇر، بۇ نىشان مەن تۇرچىنىڭدۇر. (بۇ تىلخەتنى) مەن (تورچى) ئۈزۈم يازدىم»⑮ دېگەن مەزمۇنلار پۈتۈلگەن...

يۇقىرىقى تارىخىي ھۆججەتلەردىن ئۈزۈم شەربىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىشلەنگەنلىكى ۋە ئىستېمال قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تاۋار ئورنىدا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۈزۈمدە سىركىمۇ چىقىرىلغان. سىركە تەم كىرگۈزگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە رېتسېپتە، ئۈزۈم سىركىنىڭ قۇرت چۈشكەن چىشنى داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك دورا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى رېتسېپتە: «چىشنى قۇرت يېگەندە، ئۈزۈم سىركىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە ياخشى بولىدۇ»⑯ دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ ئەھۋاللاردىن، شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىچىملىك ئىچىش ئادىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئۈزۈمنى ھەم داۋالاش ئورنىدا ئىشلىتىپ خېلى كۆپ كېسەللەرنى داۋالىغان ھەم



2016 . 5

ھەر خىل ئىچىملىك، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تاۋار بىلەن ئالماشتۇرۇپ ياكى سېتىپ سودا قىلىپ ئىگىلىكنى جانلاندۇرغان بولسا، يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك كېسەللەرنى داۋالاش بىلەن بىللە تۈرلۈك ئىچىملىكلەر ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك ۋە يېمەكلىكلەرنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ «سودىغا پىششىق مىللەت» ئىكەنلىكىنى دۇنياغا تونۇتتى.

## ئۈزۈمنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە شىپالىق رولى

ھۆل ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدە سۇ مىقدارى (تەخمىنەن 80% ئەتراپىدا) ئىنتايىن مول، يەنە كېلىپ ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، ئاساسلىق مەنبەسى ئۈزۈم تەركىبىدىكى تاتلىق تەملىك كاربون سۇ بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت، باھنى قۇۋۋەتلەش، شۆلگەي پەيدا قىلىش، قان تولۇقلاش، پەي سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئۈزۈم تەركىبىدە ئاساسلىقى گلۇكوزا كۆپ بولۇپ، ئادەم تېنىگە ئاسان سۈمۈرۈلىدۇ، ئادەم بەدىنىدە قان شېكىرى تۆۋەنلەپ كەتكەن چاغدا ئۈزۈم شەربىتىنى ئىچىپ بەرسە تېز مەنپەئەت قىلىدۇ.

فىرانسىيە ئالىملىرىنىڭ بايقىشىچە، ئۈزۈم قان نوكچىسى شەكىللىنىشىنى توسۇپلا قالماستىن، بەلكى خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىدىكەن، يۈرەك ۋە مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

ئۈزۈم تەركىبىدىكى فىلاۋۇن كۈچلۈك ئوكسىدلىغۇچى بولۇپ، قېرىشنى كېچىكتۈرۈپ، بەدەندىكى ئەركىن رادىكاللارنى تازىلايدۇ.

ئۈزۈمنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ئاشقازاننى ياخشىلاپ، بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يېمەكلىكى.

ئۈزۈمنىڭ پوستىدا تەبىئىي ئوكسىدلىغۇچى ماددا بار، ئۇنىڭ راكنى تىزگىنلەش، ھۈجەيرىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئاق قان كېسەللىكى بىمارلىرىنىڭ ئاق قان ھۈجەيرىسىنى بۇزۇۋېتىش ئىقتىدارى بار، ئۈزۈم شەربىتى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلغان بىمارلارنىڭ كۆچۈرگەن ئەزاسىنى يەكلىشىشنى يېڭىلىپ، سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ سۇ تەركىبى بىر قەدەر تۆۋەن (تەخمىنەن 17% ئەتراپىدا) بولۇپ، ھۆل ئۈزۈمدىكى ئوزۇقلۇق تەركىبلەر قۇرۇق ئۈزۈمدە قويۇقلاندۇرۇلغان بولغاچقا ھەر قانداق ئادەم ئىستېمال قىلسا بولۇۋېرىدۇ. بولۇپمۇ قان ئازلىق، يۇقىرى قان بېسىمى، سۇلۇق ئىششىق، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللى بارلارغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى، دېھقانچىلىق تومى»، جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى، بېيجىڭ - شاڭخەي، 1990 - يىل 861 - بەت.

② «شىنجاڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل 255 - بەت.

③ شياڭدا تەرجىمە قىلغان: «ستېيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسى خاتىرىسى»، شاڭخەي كىتابخانىسى، 1987 - يىلى.

④ جىبنيەن كاڭداۋ: «1994 -، 1997 - يىللاردا، خارابىلەرنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى»، «جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىكتە نىيە خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى (2 - توم، ماقالىلەر توپلىمى)، 1999 - يىل، 24 -، 26 - بەتلەر.

⑤ يۈجيوڭ؛ «نىيە خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقالمىلار ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1998 - يىل، 1 - سان.

⑥ «تارىخىي خاتىرىلەر، پەرغانە تەزكىرىسى (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل 490 -، 507 - بەتلەر.

⑧، ⑦ «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى، يېنىك سانائەت تومى»، «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى، بېيجىڭ - شاڭخەي 1991 - يىل، 289 - بەت.

⑨، ⑩، ⑪، ⑫، ⑬، ⑭، ⑮ ئىسرائىل يۈسۈپ «ئۈزۈمنىڭ قەدىمكى تۇرپان ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدىكى ئورنى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2002 - يىل 1 - سان.

⑯ ئابدۇقەييۇم غوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 337 - بەت (70)كە قاراڭ.

پايدىلانمىلار:

ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى تۈزگەن «ئۇيغۇرلاردا مېۋە بىلەن كېسەل داۋالاش» ۋە ئىسرائىل يۈسۈپ بىلەن ئەنۋەر قاسىملار يازغان «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن كىتابلار.

(ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىدە)

www.uyghurkitap.com



# تۇلۇم تۇغرىسىدا

مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن

تۇلۇم تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ خىل ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. تۇلۇم دېگەن سۆزمۇ مەيلى ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن ياكى ئېغىز تىلىمىزدا بولسۇن ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنداقتا تۇلۇم دېگەن قانداق نەرسە، قانداق تەييارلىنىدۇ؟ خام ماتېرىيالى نېمە، نېمىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا خەلقىمىز تۇلۇمدىن قانداق پايدىلانغان. بۇلار توغرىسىدا كەڭرەك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر.

تۇلۇم — كالا، قوي، ئات، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىن تەييارلىنىدىغان، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ئىنتايىن چىدامىلىق مۇھىم تۇرمۇش ۋاستىسى. تۇلۇم ئىشلىتىش گەرچە ھازىر ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ لېكىن ئەينى ۋاقىتتا خەلقىمىزنىڭ ھايات - ماماتلىق تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ھەم كۆپ خىل ساھەلەردە ئىشلىتىلگەن.

### تۇلۇمنى تەييارلاش ئۇسۇلى

تۇلۇمنى تەييارلاشتا قوي ياكى كالىنى بوغۇزلاپ قېنىنى پاكىز ئاقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تېرىنىڭ ھېچقانداق يېرىگە پىچاق تەككۈزمەي، ئۆلتۈرگەن ۋاننىڭ بېشىنى تولۇق كېسىپ ئېلىۋېتىپ، بوينىدىن تېرىسىنى تەتۈر ياندۇرۇپ ناھايىتى پەم بىلەن سويۇۋالىدۇ. ھەتتا تۆت پۇتىغا كەلگەندىمۇ تېرىدىن ھېچقانداق تۆشۈك چىقارماسلىقنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ تۇياقنىڭ بېغىشىدىن كېسىپ ئالىدۇ. نەتىجىدە تېرە پۈتۈن ھالەتتە سويۇۋېلىنىدۇ. تېرە ئەتتىن ئاجرىتىۋېلىنغاندىن كېيىن تېرىگە چاپلىشىۋالغان ئەت، ماي دېگەندەك نەرسىلەر پاكىز قىرىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. تېرىنىڭ ئىچىگە قايتا - قايتا سۇ چىڭقاپ ھېچقانداق ھىد، پۇراق قالمىغۇدەك دەرىجىدە پاكىزلىنىدۇ. تېرىنىڭ مويلىرىمۇ ئاساسەن ئېلىۋېتىلىدۇ. تۇلۇمنىڭ ئېغىزىغا تېرىنى ئىنچىكە تىلىپ، ئىشىپ تەييارلانغان شوينا بېكىتىلىدۇ.

### تۇلۇمدا ئىچىملىك تەييارلاش

ئەجدادلىرىمىز بۇرۇن سۈت، قېتىقتا تەييارلىنىدىغان ئىچىملىكنى تۇلۇمدا تەييارلىغان. خۇرۇچلارنى تۇلۇمنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئېغىزىنى مەھكەم چىگىپ مەلۇم مەزگىل ھەرىكەتلەندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدىكى ئىچىملىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئىستېمال مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. كېيىنكى مەزگىللەردە تۈرلۈك ياغاچ ۋە تۆمۈر قاچىلار پەيدا بولغاندىن كېيىن تۇلۇمدا ئىچىملىك تەييارلاش بارا - بارا ئەمەلدىن قالغان. لېكىن بۇ ئۇسۇل چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ھېلىھەم داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى تۇلۇم باشقا قاچىلارغا قارىغاندا كۆپ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. ھاۋا ئۆتكۈزمەيدۇ. سۇنۇپ كەتمەيدۇ. دائىم پاكىزلاپ ئىشلەتكەندە ئۇزاق مۇددەت پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئۆزى ئەۋرىشىم، ئېلىپ يۈرۈش، يۆتكەشكە ئەپلىك، مىخ ياكى باشقا ئۈچلۈق نەرسىلەرگە تېگىپ تېشىلىپ كەتمىسلا ئىشلىتىشكە ناھايىتى قولايلىق، ھەم ئۇنچە ئاسان تېشىلىپ كەتمەيدۇ.

### تۇلۇمنى سۇ قاچىسى ئورنىدا ئىشلىتىش

ئەجدادلىرىمىز نەچچە 1000 يىللاردىن بۇيان ئۇزۇن سەپەرلەرنى ھايۋانلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بەزى بوستانلىق بىلەن بوستانلىقلارنىڭ ئارىلىقى نەچچە 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنداق ئۇزۇن يوللارنى پىيادە ياكى ھايۋانلارنىڭ كۈچى بىلەن

تېز بېسىپ بولغىلى بولمايدۇ. بەزى تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە ئادەم تۆگۈل، ھايۋانلارمۇ سۇ ئىچمىسە بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئەجدادلىرىمىز تۇلۇمنىڭ رولىدىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان. تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ بىرەر ھايۋانغا ئارتىۋېلىپ سەپەرنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇلۇمغا قاچىلانغان سۇ چايقىلىپ، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغاچقا ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. ھايۋانلار شاشلىق قىلىپ تۇلۇم يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز تاكى موتورلۇق قاتناش قورالىرى پەيدا بولغان يېقىنقى زامانلارغىچە تۇلۇمنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە تۇلۇمنىڭ ئىشلىتىلىش ھاجىتى قالمىدى. شۇڭا ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى.

## تۇلۇمدا قۇرۇق مېۋە قېقى ساقلاش

مېۋە قېقى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلانسىمۇ لېكىن ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا توغرا كەلگەندە ئاسانلا قۇرت چۈشىدۇ. لېكىن قۇرۇتۇلغان مېۋە قېقىنى تۇلۇم ياكى تېرىدىن ياسالغان قاپقا قاچىلاپ قويغاندا مېۋە قېقىغا قۇرت چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربان تۇلۇمنىڭ خاتىرە سارىيىدا بىر تېرە خالتا ساقلانغان. قۇربان تۇلۇم ئەينى يىلى بېيجىڭغا بارغاندا مەركەز رەھبەرلىرىگە ئاشۇ تېرە خالتىدا قۇرۇتۇلغان مېۋە قېقى ئېلىپ بارغانىكەن.

## تۇلۇم ئارقىلىق دەريا ـ ئۆستەڭلەردىن ئۆتۈش

سېمونت كۆۋرۈك ياكى ئاسما زەنجىر كۆۋرۈكلەرنى سېلىش ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلى. ياغاچ ياكى تاش ئەگمە كۆۋرۈكلەرنى سېلىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ لېكىن مۇساپىسى كەڭرەك دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە بۇنداق كۆۋرۈكلەرنى سېلىش مۇمكىنچىلىكى يوق. ئەجدادلىرىمىز دەريا ـ ئۆستەڭلەردىن بىخەتەر ئۆتۈشتە تۇلۇمنىڭ رولىدىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان. يەنى ئىككى تۇلۇمغا يەل توشقۇزۇپ ئېغىزىنى مەھكەم چىگىپ، ئىككى تۇلۇمنى ئۆز ئارا چېتىشتۇرۇپ كىچىك قېيىق ياساپ شۇ ئارقىلىق دەريا ـ ئۆستەڭلەردىن بىخەتەر ئۆتكەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە تېخى ئىلى دەرياسى، تارىم دەرياسى، قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، يەكەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قىزىل دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىدە يولۇچىلارنى تۇلۇم بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان مەخسۇس كەسىپ ئەھلىلىرى بولغان. يول، كۆۋرۈكلەرنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ تۇلۇم ئارقىلىق دەريا ـ ئۆستەڭلەردىن ئۆتۈش ۋە مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا رولىنى يوقاتتى.

## كىچىك تۇلۇم سۇدان ياساش

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا قاپاقنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. قاپاق سۇ ساقلاش، سۇ ئېلىپ يۈرۈش، سۇ يۆتكەشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. بىراق ئۇنىڭمۇ ئاجىزلىقى بار بولۇپ، ئاسانلا چېقىلىپ كېتىدۇ. قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ يىراق سەپەرلەرگە چىققاندا ئادەملەرنىڭ ئۆزى كۆتۈرۈپ مېڭىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ھايۋانلارنىڭ كۆچگە تاينىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئاسان سۇنۇپ كەتمەيدىغان، چىدامىلىق بولغان كىچىك تۇلۇمنى ئىجاد قىلغان.

كىچىك تۇلۇم ئاساسەن ئات ياكى كالىنىڭ شىراق تېرىسىدىن ياسىلىدۇ. تېرىنى سويۇش ئۇسۇلى باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشايدۇ. كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل تەييارلىنىدۇ. قايتا ـ قايتا پاكىزلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كىچىك تۇلۇم ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن:

«پۇتىق. ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنىدىغان تۇلۇم» (1 ـ توم، 488 ـ بەت).

«قىمىز. تۇلۇمدا ئېچىتىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى» (1 ـ توم، 474 ـ بەت)، «دىۋان»دا تۇلۇم توغرىسىدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇچۇرلار ناھايىتى كۆپ.

## تۇلۇم بىلەن يەر سۇغىرىش

تۇلۇم بىلەن يەر سۇغىرىش قومۇل، تۇرپان شەھەرلىرىدىكى ئاز بىر قىسىم جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان، كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشمىغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى. بۇ ھەقتە «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا باست تۇرسۇن «تۇلۇم بىلەن يەر سۇغىرىش» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ:

«قومۇل رايونىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى ئىچىدە قارا موقچا بىلەن بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ ساۋلاق كەنتىنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولۇپ 80% ـ 90% تىن ئارتۇق يەرنى قۇدۇق قېزىپ سۇنى قۇدۇقتىن تۇلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىلەن تارتىپ چىقىرىپ زىرائەتلەرنى سۇغىراتتۇق. تۇلۇم بىلەن سۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپ يەر سۇغىرىش ئالاھىدە ئىش بولۇپ بۇ پەقەت قاراموقچا بىلەن ساۋلاتتىن ئىبارەت ئىككى كەنتتىلا بار. تۇلۇم بىلەن يەر سۇغىرىشتا ئالدى بىلەن قۇدۇق كولىنىدۇ. قۇدۇقنىڭ ئېتىز تەرىپىگە سەپكۈچ ياسىلىدۇ. قۇدۇقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئادەم تۇرىدىغان تارتما ياسىلىدۇ. سۇ تارتقۇچى ئادەم تارتمىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۇلۇم بىلەن سۇنى قۇدۇقتىن سەپكۈچكە چىقىرىدۇ. سەپكۈچكە چىققان سۇ ئېرىق بىلەن ئېقىپ بېرىپ چۆنەكلەرگە كىرىدۇ. مانا بۇ خىل سۇغىرىشنى يەرلىك كىشىلەر تۇلۇم بىلەن يەر سۇغىرىش دەپ ئاتايدۇ.

تۇلۇم بىلەن سۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىشقا ئۈچ ئادەم كېتىدۇ. ئىككى ئادەم قۇدۇقتىن تۇلۇم بىلەن سۇنى چىقىرىدۇ. يەنى ئىككى ئادەم قۇدۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تارتمىدا تۇرۇپ تۇلۇمغا بېكىتىلگەن ئارغامچىنىڭ ئۇچىدىكى بالداقتىن تۇتۇپ ئالدىغا ئېگىلىپ تۇلۇمنى سۇغا تاشلايدۇ. تۇلۇمنىڭ ئاغزى سۇغا تېگىشى بىلەن دەرھال سەپكۈچ تەرەپتىكى ئارغامچىنى تارتىپ ئالدىغا دەسسىگەن پۇتنى قاتتىق تېپىپ تىكلىنىدۇ. سۇ تۇلۇمدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەندىن كېيىن بەلنى سەپكۈچ تەرەپكە ئازراق بۇراپ تۇلۇمنى سەپكۈچكە تاشلاپ كەينى قولدىكى ئارغامچىنى چىڭ تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇلۇمدىكى سۇ سەپكۈچكە قۇيۇلىدۇ. سەپكۈچ سۇنى قۇدۇقنىڭ تېشىغا ئېلىپ چىقىپ ئېرىققا تۆكىدۇ» باستى تۇرسۇن تونۇشتۇرغان بۇ خىل ئۇسۇل ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

### تۇلۇم ئارقىلىق خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش

كىشىلىك تۇرمۇش خەتەر بىلەن تولغان. ھاياتلىق ئۈچۈن سۇ بولمىسا بولمايدۇ. ئىنسانلار ياشىغان يەرلەرنىڭ بەزىسىدە سۇ كۆپ، بەزىسىدە ئاز بولىدۇ. ئادەملەر ھاياتلىق ئۈچۈن دەريا، ئۆستەڭ، كۆل، قۇدۇق، سۇ ئامبىرى قاتارلىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇلارنى خەتەرسىز دېگىلى بولمايدۇ. بەزىدە دەريا، ئۆستەڭلەرگە تۇيۇقسىز كەلكۈن كېلىپ ئادەملەرنى ئېقىتىپ كېتىدۇ. بەزىدە ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلىدىن كۆل، قۇدۇق، سۇ ئامبارلىرىغا چوڭ ئادەملەر ياكى كىچىك بالىلار چۈشۈپ كېتىپ خەتەرگە يولۇققان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇرۇن ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپرەك ھەرىكەت قىلىدىغان كۆل، قۇدۇق، ئۆستەڭ بويلىرىغا زاپاس تۇلۇم تەييارلاپ مەلۇم جايدا قويۇپ قويغان. بىرەرسى خەتەرگە يولۇقسا دەرھال تۇلۇمنى تاشلاپ خەتەرگە يولۇققۇچىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. بۇنداق كۆل، قۇدۇق بويلىرىدا زاپاس تەييارلانغان تۇلۇم يېقىنقى يىللارغىچە بار ئىدى. كۆل، قۇدۇقلار رولىنى يوقاتقاندىن كېيىن تۇلۇممۇ ئۆز رولىنى يوقاتتى. تۇلۇم ئەينى يىللىرى بەزىدە خەتەردە قالغانلار ئۈچۈن ئاجايىپ كۈچىنى كۆرسەتكەن، بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

### ئۇيغۇرلارنىڭ مازارغا تۇلۇم ئېسىش ئادىتى

ئۇيغۇرلار ئادەتتە كۆڭلىدە ئۇلۇغ ھېسابلىغان، ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئاۋامنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، بىلىم، ئەخلاق جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يۇرت كاتتىلىرى قازا قىلسا ئۇنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغا ئاتاپ قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سويغاندا تۇلۇم قىلىپ سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقىپ شۇ كىشىنىڭ قەبرە بېشىغا ئېسىپ قويىدۇ. بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى، نەزىر ئىشلىرىنىڭ كاتتا ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى كېيىنكىلەرگە بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. قەبرە بېشىغا تۇلۇم ئېسىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولمايدۇ. بىر يۇرتتا بىر نەچچىسى بولىدۇ. بۇنداق قەبرىلەر كىشىلەرگە تولىمۇ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى سۈر باسىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مازارغا تۇلۇم ئېسىش ئادىتىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشلىقى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ خىل ئادەتنىڭ قاچانلاردا شەكىللەنگەنلىكى، قايسى دەرىجىدىكى كىشىلەرنىڭ قەبرە بېشىغا تۇلۇم ئېسىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

### تۇلۇمنىڭ كارىز، قۇدۇق كولاشتا ئىشلىتىلىشى

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۇلۇمنىڭ چىدامچانلىقى ھەققەتەن يۇقىرى. بولۇپمۇ كالا تېرىسىنىڭ چىدامچانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز قۇدۇق،

كارىز كولاشتا كالا تېرىسىنىڭ بۇ خىل رولىدىن ئەپچىل-لىك بىلەن پايدىلانغان. كارىز كولاشتا توپىنى مەلۇم ئارى-لىقتىن تۆگىلۈك ئالدىغا يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. قاپ ياكى سېۋەتلەر بۇنداق ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بې-رەلمەيدۇ. تېز ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. تۇلۇمچە قىلىپ سويۇلغان كالا تېرىسى كارىز، قۇدۇق توپىسىنى يۆتكەش-كە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. بۇنداق تۇلۇم پەقەت قۇرۇپ قالمىسىلا ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكىلى بولىدۇ. قومۇل، تۇرپان تەۋەسىدىكى كارىزلارنى كولاشتا ئەجدادلىرىمىز كالا، توربىاق تېرىسىدىن ياسالغان تۇلۇملارنىڭ رولىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغان. ئەينى ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن بۇنداق تۇلۇملار ھازىر بەزى موزېيخانىلاردا ساقلىنىۋاتى-دۇ. ئادەم كۈچى ئارقىلىق كارىز، قۇدۇق كولاش ھازىر تارىخقا ئايلاندى. قۇدۇقلار زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردە كو-لىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇلۇممۇ ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رولىغا ھەرگىز كۆز يۇمۇشقا، ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ.

**تۇلۇم ھەققىدىكى ماقال-تەمسىل، خەلق قوشاقلىرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇلۇم ئىشلىتىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۇلۇمنىڭ ياسىلى-شى، ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ تۇلۇم ھەققىدە ماقال-تەمسىل، خەلق قوشاقلىرى خېلى كۆپ. «تېرىق تۇ-لۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا»، «تۇلۇمدىن توقماق چىققان-دەك»، «يارماق تۇلۇمدا توختار» بۇنىڭغا ئوخشاش ماقال-تەمسىللەرنى خەلقىمىز ئارىسىدىن خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ تەمسىللەردىن تۇلۇمنىڭ ئەينى ۋا-قىتلاردىكى ئىشلىتىلىشى، رولى قاتارلىقلارنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

«دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
يار بىلەن ئويناپ يۈرۈپ،
سۆيدى مېنىڭ نازۇك قولۇم.»

بۇ بىر مۇھەببەت تېمىسىدىكى خەلق قوشىقى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ بۇ قوشاقنىڭ ۋارىيانتى خا-تىرىلەنگەن.

بىز يۇقىرىدا خەلقىمىز تۇلۇمنىڭ لەيلىتىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ كۆۋرۈكسىز دەريا، ئۆستەڭلەردىن بىخەتەر ئۆتكەن دېدۇق. «لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ جەۋھە-رى» دېگەن كىتابتا بۇنىڭغا ئائىت مۇنداق قوشاقلار خا-تىرىلەنگەن:

«لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتتۈم،
ئەسكى بىر تۇلۇم بىلەن.
مەن گۈلۈمدىن ئايرىلدىم،
ئازابلىق زۇلۇم بىلەن.»

بۇنىڭغا ئوخشاش قوشاقلاردىن يەنە خېلى كۆپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

خەلقىمىز ئارىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى سېمىز ئادەم-لەرنى تەسۋىرلىگەندە «ئۇ تۇلۇمدەك سېمىز ئادەم ئىدى» دېگەندەك تەسۋىرلەرنى ئىشلىتىدۇ.

يەنە تۇلۇم توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن مەسەل، لەتىپىلەرنىمۇ ئۇچراتقى-لى بولىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا خەلقىمىزنىڭ تۇلۇم توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى خېلى چوڭقۇر. تۇلۇم ئىشلىتىش گەرچە ھازىر ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ لېكىن ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان، نۇرغۇن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇر-غان. تۇلۇم تەييارلاش، تۇلۇم پاكىزلاش، تۇلۇم ئىشلە-تىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى. ھايۋانلارنىڭ بويىندىن باشقا ھېچقانداق يېرىنى كېسىۋەت-مەي، ئۇنىڭ ئىچىدە سۈت، ماي، سۇ ئېلىپ كەتمىگۈدەك قىلىپ تېرىسىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ مەلۇم تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. مەخسۇس تەر-بىيەلەنگەن ماھىر قاسساپلار ئاندىن بۇ ئىشنى قىلالايدۇ.

تۇلۇم تەييارلاشتا ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىگە بىر ئىشنى سېلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھەممە ھايۋانلار-نىڭ تېرىسىنى تۇلۇم قىلىپ سويغىلى بولىدۇ. لېكىن تۇر-مۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۇلۇم ئاساسلىقى قوي، كالا تېرىسى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەگەر قوي، كالا بولمىغاندا ئات، ئۆچكە تېرىسى ئىشلىتىلىدۇ. باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز تۇلۇم ياساشتا ۋە ئىشلىتىش-تە بۇنى ئۆزگە قاتتىق شەرت قىلغان.

(ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# ئۇيغۇرلاردا خامان ئېلىش ئادىتى

**نۇرمۇھەممەت ئىمىن روزى**

پەيزاۋات دېھقانلىرى جاپالىق ئەمگەك مۇھىتىدا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەمگەك قارىشى ھەم ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش ئادىتى، مۇھەببەت-نەپرىتى، ئەمگەكچان روھىيىتىنى ئورما ناخشىلىرى ۋە خامان ناخشىلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن، پەيزاۋات دېھقانلىرىنىڭ بۇغداي خامىنى ئېلىش ۋە تېرىق خامىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل خامان شەكلى بار. بۇغداي خامىنى ئېلىش ئادىتىدە ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېتىزلىق پاكىز ئادالىنىپ، چىڭداپ خامان قىلىنىدۇ ۋە بۇغداي ئەنجىلىرى ئاپتاپقا سېلىنىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ راسا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن خامان ئوتتۇرىسىغا موما تىكلىنىدۇ ھەمدە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى خامان ئېلىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئۆز ئۆيلىرىدىكى ئېشەك، كالا، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. خامان ئېلىشقا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتى بار. بەزى جايلاردا ئات، ئېشەك، قېچىرغا تاش تۇلۇق سۆرۈتۈش ئارقىلىق خامان ئېلىنىدۇ. يەنە بەزى يۇرتلاردا قولۇم-قوشنىلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئېلىپ كەلگەن ھايۋانلار بىر-بىرىگە چېتىلىپ موماغا باغلىنىپ، تەرتىپلىك ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق خامان ئېلىنىدۇ.

خامان ناخشىسى ئوقۇيدىغانلار ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ئوقۇيدۇ. بالىلار ئۇلاغلارنى توختىماي ھەيدەپ بەرسە، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلار بۇغداي ئەنجىلىرىنى ياغاچ ئارا ۋە تۆمۈر ئارىلار بىلەن ئۇلاغ ئاستىغا تاشلاپ يۇمشاپ بولغان بۇغداي ئەنجىلىرىنى ئۆرۈپ

ئەنجىنىڭ تېزرەك يۇمشىشىغا ياردەملىشىدۇ. ياشانغانلار خامان ئەتراپىدا ياسالغان كەپىدە ئولتۇرۇپ، ياشلارغا ئەقىل ئۆگىتىدۇ. تەكلىپ قىلىنغانلار كۆپ بولسا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدۇ، ئەگەر خامان پەۋقۇلئاددە چوڭ بولسا ئۇلارغا ئىككى قوش قىلىنىپ ھەيدىلىدۇ. ئاياللار خامان ئەتراپىنى سۈپۈرىدۇ ۋە هاردۇق ئېشى، قېتىق، مۇز قاتارلىقلاردىن دۇغ تەييارلاپ، خامان ئالغۇچىلارنى كۈتىدۇ، شۇنداقلا خامانغا تەكلىپ قىلىنغان خەلق ناخشىچىلىرى لاي- لايچىلىرى خامان ناخشىسىنى ئېيتىپ خامانى جانلاندۇرىدۇ.

ئەنجىلەر يۇمشىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەنجىلەر بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ ياغاچ ئاردا سەلكىن شامالدا سورۇپ، بۇغدايىنى بىر تەرەپكە، سامانىنى بىر تەرەپكە ئايرىغاندىن كېيىن بۇغداي دانلىرىنى پاكىز تازىلاپ چەشلەپ قويىدۇ ھەم بۇغدايلىرىنى ئۆيگە يۆتكەپ بولغۇچە خامانغا بىر ئادەم قارايدۇ، بۇغداي چەشلىرى خاماندا قانچە ئۇزاق تۇرسا شۇنچە بەرىكەتلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ ھەمدە خاسىيەتلىك بىر كۈننى يەنى چارشەنبە، پەيشەنبە كۈننى تاللاپ مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىرنى خامان ئۇسسۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇسسۇيدىغان چاغدا مەخسۇس قۇيماق قۇيۇپ خامانلىققا خەتمە قۇرئان قىلىنىدۇ ۋە دۇئا قىلىنىپ خامان ئۇسسۇلىدۇ، خامان ئۇسسۇيدىغانغا غەلۋىر ئۆلچەم قىلىنىدۇ، بىر غەلۋىر بۇغدايىنى بىر چارەك ھېسابلايدۇ، ئون غەلۋىر بۇغدايىنى بىر تاغار ھېسابلايدۇ. بىر تاغار بۇغداي ئۇسسۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى تاغارغا ئۇسسۇشقا باشلاشتىن بۇرۇن بىر چارەك، يەنى بىر غەلۋىر بۇغدايىنى مەھەللىدىكى يوقسىز ۋە كەمبەغەل قولۇم - قوشنىلارغا ئۆشرە - زاكات قاتارىدا ئايرىپ، خامانىنى ئۆيگە ئەكىرىپ بولغاندىن كېيىن ھەر بىرسىنى ئايرىم - ئايرىم ئۆيگە چاقىرىپ ئۆز قولى بىلەن تەككۈزىدۇ. يوقسىز - كەمبەغەللەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرىگە ئايرىيدۇ. بۇ جەرياندا ئېتىزدا بۇرۇن تاشلاشقا، كىچىك باللارنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇشىغىمۇ يول قويمايدۇ. تېرىق خامىنى ئادەتتە 10 - ئايدا ئېلىنىدۇ، يەنى تېرىق پىشقاندىن كېيىن ئورۇلۇپ ئېتىزدا بىر قانچە كۈن قويۇپ شامالدىغاندىن كېيىن خامانغا يىغىلىدۇ، ئاندىن كۈندە بىر قېتىم ئۆرۈپ بىر نەچچە كۈن ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ، خامان ئوتتۇرىغا موما بېكىتىپ ئۇلاغقا تولۇق سۆرۈتۈپ ياكى چارۋىلارنى قاتارغا قوشۇپ ھەيدەپ تېرىق يۇمشىتىلىدۇ، ئەرلەر ئۇلاغ ھەيدىسە، ئاياللار ۋە ياردەمگە كەلگەنلەر تېرىق ئەنجىلىرىنى ئۇلاغ ئاستىغا تاشلاپ بېرىدۇ. تېرىق ئىگىلىرى تېرىق ئېتىزدا چالا قالغان باشاقلىرىنى نامرات يوقسۇللارنىڭ تېرىۋېلىشىغا بېرىدۇ. خامانغا تەكلىپ قىلىنغان لاي - لايچىلارمۇ موما تۈۋىدە تۇرۇپ قولى بىلەن قۇلىقىنىڭ تۈشۈكىنى ئېتىپ تۇرۇپ تاق ۋە قوش كىشىلىك بولۇپ خامان ناخشىسىنى ئېيتقاندا بۇنى ئاڭلىغان يىراق - يېقىن ئەتراپتىكى ھەرقانداق كىشى ئۆزلۈكىدىن ئارا - سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ خامان ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. لاي - لايچىلار خامان ناخشىسىنى ئېيتىپ خامانىنى جانلاندۇرۇۋەتكەچكە، ئۇلارنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇيى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. خامان ناخشىسىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن دېھقانلارنىڭ ھوسۇلىنى تېزرەك يىغىۋېلىش ئارزۇسى ۋە مول ھوسۇل ئېلىش ئۈمىدى، دېھقانلارنىڭ ھاياتلارغا بولغان مۇھەببىتى قاتارلىق مەزمۇنى كۈيلەنگەن.

ئارپا، بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ لاي- لاي،
ئۈرۈق- تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ لاي- لاي.
ئاتام بولسا، ئانام بولسا ئۆلۈم بولمىسا لاي- لاي.
ئۆلگەنلەرگە جەننەت بولسا، دوزاخ بولمىسا لاي- لاي.
ئاتلار — ئۈرۈق، يوللار يىراق ماڭارمەن قاياق لاي- لاي.
قامچام بولدى شاختىن ئالغان بىر تاياق لاي- لاي.
ئانام باقتى- ئاتام باقتى ماڭا جان قاتتى لاي- لاي.

دېگەن مىسرالاردا ئۇرۇق- تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق- ئىتتىپاقلىقى، خاتىرجەملىك تىنچلىققا ۋە باياشاتلىققا بولغان ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى خامان بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاچقا خامان ھەققىدە نۇرغۇن قوشاقلار تارقالغان. مەسلەن،

پەيزاۋاتنىڭ يولىغا،
جىرىم قۇيدۇم بويىغا.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمەن،
يارىم بىلەن خاماندا.

M I R A S

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەن بارامسەن جانبازغا،
مەن بارامتىم جانبازغا.
سەن يارىمنىڭ لېۋىنى،
چىشلىۋالسام خاماندا.

خامان ناخشىسى يېقىملىق،
ياقار ئىكەن قۇلاققا.
چىدىمايمەن ھەرگىزمۇ،
خۇماركۆزلۈك ئوماققا.

خامانلىقتا ياڭرايدۇ،
ئەمگەكچىنىڭ ناخشىسى.
ئەمگەك قىلماق، ئوقۇماق،
ھەممە ئىشنىڭ ياخشىسى.

يارىمنىڭ ئېتى ئىشچان،
ھۆرۈننىڭ ئېتى مىشچان.
مېنىڭ سۆيگەن گۈل يارىم،
خاماندا ئەجەب پىشقان.

ئايرىۋالدۇق خاماندا
بۇغداي بىلەن سامانىنى.
ھوشيار بولۇپ بايقايمىز،
ياخشى بىلەن يامانىنى.

دەريادا سۇ بولمىسا،
بېلىق ياتامدۇ تاشتا؟
يارنىڭ گېپى بولمىسا،
ساقلاپ تۇرامدۇ خاماندا؟

شېكەر سۈيى دېگەن قوغۇن،
باراڭنىڭ ئارقىسىدا بارمۇ؟
خاماندا دېگەن گەپلەر،
يارنىڭ يادىدا بارمۇ؟

كوپېراتسىيە بەك ياخشى،
زېرىكمەيسەن ئىشلىسەڭ.
تارتىۋالدۇ كىم ئاغزىڭدىن،
خامان ئېلىپ چىشلىسەڭ؟

كوپېراتىپ قۇردۇق بىز،
دىللار خۇشال ھەر جايدا.
ئەمگەك قىزغىن قايناپدۇ،
ئېتىزلىقتا ـ خاماندا.

سەن يارىمنى كۆرەلمەي،
سەۋدا چۈشتى باشىمغا.
كېلەرسەنمۇ جان يارىم،
ساقلاپ تۇرسام خاماندا.

خامانلىقتىن چىقتى يارىم،
ئاق بۇلۇتتەك ئاقىرىپ.
ئارقىسىدىن مەنمۇ چىقتىم،
زەپىراندەك سارغىيىپ.

خامىنىڭنى سورۇغىچە،
كۆزۈمگە تولدى قۇم توپا.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ،
مېنىڭ يارىمدەك بىۋاپا.

ئاق كەپتەر بولۇپ مەن،
خامانلىقتا سايرىدىم.
كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ،
سىنىڭ يولۇڭغا قارىدىم.

ئاخشام ياتتىم خاماندا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

خامان ھەققىدە يەنە ماقال تەمسىللەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا.

خامان ئالماق شەھەر ئالماق.
ئېتىزدا ئىزى يوقنىڭ،

خاماندا يۈزى يوق.
پادا باققاندا دوست ئىدۇق،
خامان ئۇسقاندا ئايرىلدۇق.
ئوڭدا ياتقان گىردە يەيدۇ.

خامان ئالغان جىگدە يەيدۇ،
ئاش كەلسە خامانلايدۇ.

ئىش كەلسە تاماملايدۇ.

ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ،
خامان ئالىسەن قاچىلاپ.

قىلىچ تاشتا بىلىنىدۇ،
ئادەم خاماندا بىلىنىدۇ.

ئىشىك تاقاشقا دەم كېرەك،
خامان ئېلىشقا يەم كېرەك.

خامان ئالغاننىڭ كۆڭلى توق.

باشتا ئىش قاتتىق،
خامان ئالغاندا ئاش تاتلىق.

سەنمۇ يىگىت، مەنمۇ يىگىت،
ئەسلى يىگىت خاماندا يىگىت.
دەريا سۈيى يازدا تاشار،
ئادەم قىممىتى خاماندا ئاشار.

قوي باقماي پاقلان يەيمەن.
بۇغداي تېرىماي خامان ئالىمەن.

مۆكچەيگەننىڭ بېلىنى خامان تۈزلەيدۇ.

دېمەك، ھازىر يېزاۋات دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىۋى خامان ئېلىش ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىۋى خامان ئېلىش مەدەنىيىتى دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بەزى ئادەتلەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىلاندى. بۇ بىر خۇشاللىنارلىق يېڭىلىق، لېكىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خامان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى جەريانىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى ۋە يەنە تارىخىنى تەتقىق قىلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: يېزاۋات ناھىيەلىك نۇرمۇھەممەت سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىدىن)

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 _ 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى*

## ئالما ئېلىش ئويۇنى

ئالما ئېلىش ئويۇنى — ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئويۇن نورۇز بايراملىرىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان، بىر قەدەر ئومۇملاشقان، دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان، بىر خىل ئاممىۋى تۈسنى ئالغان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ چىدامچانلىقنى سىناش، ئەخلاق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كۆلكىلىك ئويۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

ئالما ئېلىش ئويۇنى — قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردە ھەم يېڭىسار، يېڭىشەھەر ناھىيەلىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلىرىدىكى مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان، شۇ سورۇندا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ داۋامىدا چاينى ئۆرۈۋەتكەن، چاي پىيالىسىنى تىقىۋالغان، باشقىلار بىلەن مۇڭداشقان، مەشرەپ قائىدىسى بويىچە ئولتۇرمىغان ياكى قىلىقسىزلىق قىلغانلاردىن ئىككەيلەن مەشرەپكە قاتناشقان 30 ئوغۇلنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئېلىپ چىقىلىپ ئېگىز جايغا يىپ بىلەن ئېسىپ قويۇلغان بىر تال ئالمىنى قولىنى ئىشلەتمەي سەكرەپ تۇرۇپ يېيىشكە بۇيرۇلىدۇ.

---

(بېشى 2016-يىلى 2-ساندا)

بۇ ئويۇندا ئالما چوقۇم چىڭ باغلانغان بولۇشى، جازالانغۇچىلار چىشلەپ يېگەندە ئۈزۈلۈپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچىلار ئالمىنى ئېلىپ ئىككى چىشلەپ يېيىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئالمىنى يېيىشتە يېمىلىپ قالغان كىشى شۇ ئويۇننى يەنە باشقىلار بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ ياكى باشقا جازا بېرىشكە بۇيرۇلۇپ ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ.

### ئايالچە ئۇسسۇل ئويناش ئويۇنى

ئايالچە ئۇسسۇل ئويناش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل ئاممىۋى خاراكتېردىكى كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساس قىلغان، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىدىغان ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇندۇر.

ئايالچە ئۇسسۇل ئويناش ئويۇنى — قەشقەر، كۇچا، خوتەن قاتارلىق ھەرقايسى جايلاردا، ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ جەريانىدا قىزلارغا قاش ئېتىپ قىزلارغا چاقچاق قىلغانلاردىن بىر قانچە كىشى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ ئايالچە ئۇسسۇل ئويناشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئويۇندا جازالانغۇچىلار چوقۇم ئاياللارنىڭ كىيىمنى كىيىشى، ئايالچە ئۇسسۇل ئويىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ ئويۇن تاكى مۇزدىكا ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### ئەپكەش كۆتۈرۈش ئويۇنى

ئەپكەش كۆتۈرۈش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى سىناش، كۈچنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئەپكەش كۆتۈرۈش ئويۇنى — قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ھەرقايسى جايلاردا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن يېزا مەشرەپلىرىدە يېزا ياشلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن دوستلىشىش، سىردىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەنئەنىۋى ياخشى سورۇنى بولۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى پائالىيەتلەر ھەم ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، قىزىقچىلىق قىلىشتەك ئويۇنلار ئوينىلىپ كېلىۋاتقان چاغدا مەشرەپ سورۇندىكىلەرنىڭ ئىچىدىن قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا جازالانغۇچى مەشرەپكە قاتناشقان 30 ئوغۇل ئولتۇرغان سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ چىقىلىپ گۇناھى بېكىتىلگەندىن كېيىن مۈرىسىگە ئىككى - ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر دانە كالتەك ئىككى قولى بىلەن قوشۇلۇپ، مۈرە ئېگىزلىكىدە ئەپكەش كۆتۈرگەن ھالەتتە باغلىنىدۇ، كالتەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئېغىرلىقى 50 كىلوگرامدىن ئارتۇق بولغان ئىككى كىشى بېلىدىن ئارغامچا بىلەن باغلىنىدۇ ۋە جازالانغۇچىنى «ئەپكەش»نى كۆتۈرۈپ مەشرەپ سورۇننى بىر ئايلىنىپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. ئويۇن باشلانغاندا شوخ ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار قويۇپ بېرىلىدۇ، ئويۇن ئوينىغۇچى مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بۇ جەرياندا «ئەپكەش»نى يەرگە قويۇشقا «سۇ»نى تۆكۈۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئويۇن جەريانىدا — «چېلەك» بولغان ئەپكەشنىڭ ئۇچىدىكى ئىككى كىشى پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ، جازالانغۇچى ئۇلارنى يەرگە تەگكۈزمەيدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچى «ئەپكەش» نى ئېلىپ مەشرەپ سورۇننى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

### ئۇن تاسقاش ئويۇنى

ئۇن تاسقاش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

ئۇن تاسقاش ئويۇنى — قەشقەر، ئاقسۇ، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى ھەر خىل مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

مەشرەپ داۋامىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلىپ يۈكۈندۈرۈلۈپ ئولتۇرغۇزۇلۇپ ياغلىقچىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇستا ئۇن تاسقىغۇچىدىن بىرسى تەكلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىنىدۇ، جازالىغۇچى كۆزىنى يۇمۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىـ
دۇ، ئۇن تاسقىغۇچى يەڭلىرىنى تۈرۈۋېتىپ جازالىغۇچىـ
نىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئىككى قولى بىلەن جازالىغۇـ
چىنىڭ بېشىغا ئىككى ياقتىن ئۇرۇپ ئۇن تاسقاش ھالىتىنى
كۆرسىتىدۇ. ئويۇن جەريانىدا «ئۇندىكى ئەخلەتلەرنى ئې-
لىۋەتتىم» دەپ جازالىغۇچىنىڭ چاچ، قۇلاق، بۇرۇنلىرىـ
نى تارتىدۇ، بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى جازالىغۇچىـ
نىڭ گۇناھىدىن كېچىپ «ئۇن يېتەرلىك بولدى!» دەپ
توۋلىغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## نان يېگۈزۈش ئويۇنى

نان يېگۈزۈش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە
ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.
بۇ كىشىلەرگە ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق، مەشرەپ سورۇنى
ۋە باشقا سورۇنلاردا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش توغرىـ
سىدا تەربىيە بېرىدىغان قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى.

نان يېگۈزۈش ئويۇنى ئادەتتە قەشقەر، خوتەن،
ئاقسۇ، مارالبېشى، يېڭىسار، يېڭىشەھەر ناھىيەلىرىدىكى
ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى، ھەر خىل مەشرەپلەردە
ئوينىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپ داۋامىدا ئاچ كۆزلۈك
بىلەن يەپ - ئىچكەنلەر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
چىقىلىپ، قولى ئارقىغا باغلىنىپ، مەيدىسىگە بىر نان
قويۇپ قويۇلىدۇ. جازالىغۇچى شۇ ناننى قولىدا تۇتماي
تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز يېيىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
ئەگەر ناننى يېيىش داۋامىدا ناننى يەرگە چۈشۈرۈۋەتسە،
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ناننى چىشلەپ ئېلىپ ئورنىدىن
تۇرۇپ يېيىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بۇ ئويۇن تاكى جازالىغۇچى ناننى يەپ بولغانغا
قەدەر ياكى جازالىغۇچى ئۆز گۇناھىغا تەۋۋا قىلىپ
مەشرەپ ئەھلىدىن كەچۈرۈم سورىغانغا قەدەر ئېلىپ بې-
رىلىدۇ.

## غوجالدىرىۋاق ئويۇنى

غوجالدىرىۋاق ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە
ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ
بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش،
بەدەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەشرەپ سورۇنىـ
نىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدىلىـ
رىگە ئىگە بولغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

غوجالدىرىۋاق ئويۇنى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، يې-
ڭىسار، يېڭىشەھەر قاتارلىق ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى
ھەر خىل توي - تۆكۈن، نورۇز بايراملار ۋە مەشرەپلەر-
دە مەشرەپ سورۇنى قالايمىقان قىلغانلارنى جازالاش يۇ-
زىسىدىن ئوينىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن.

ئويناش ئۇسۇلى — بۇ ئويۇندا مەشرەپ سورۇنىـ
نى قالايمىقان قىلغانلار مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
چىقىلىپ بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يېرىم يالىڭاچلىنىدۇ،
بويىنىغا ئېشەكنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان جۇمبۇر، جاۋەن
سېلىنىدۇ. ئاندىن بۇ جازالىغۇچىنىڭ ئۈستىگە سۇ سېپىلىپ
قولتۇقىدىن ئاۋاز چىقىرىپ مەشرەپ ئەھلىگە «مۇزىكا»
چېلىپ بېرىشكە، مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ
تۇرۇپ «مۇزىكا»غا ماسلاشتۇرۇپ «جالدىرىۋاق ۋاق
جالدىرۋاق» دەپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.
ئويۇن جەريانىدا جازالىغۇچى جايىدا تۇرۇۋالماسلىقى،
«مۇزىكا»نى توختاتماسلىقى، قولتۇقىدىن چىقارغان ئاۋاز
بىلەن بويىندىكى جۇمبۇر، جاۋەنىنىڭ ئاۋازىنىڭ ماسلىشىـ
شى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالىغۇچىدىن
«مۇزىكا» چىقماي قالغانغا قەدەر ياكى مەشرەپ ئەھلى
جازالىغۇچىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلىـ
دۇ.

## قاپاق ئويۇنى

قاپاق ئويۇنى — بىر خىل ئەنئەنىۋى كۆڭۈل
ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە يېزا ياشـ
لىرى ئارىسىدا كەڭ دائىرىلىك ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن كۆ-
پىنچە ھاللاردا ھېيت - بايرام، نورۇز بايرىمى، زاراخەتمە،
توي - تۆكۈنلەردە، مەشرەپ پائالىيەتلىرىدە ئۇرۇق -
تۇغقانلار جەم بولغان چاغدا ئوينىلىدۇ. ئويۇن ئىشتىراكـ
چىلىرى ئاساسەن ياشلار ۋە پېشقەدەملەردىن ئىبارەت بو-
لىدۇ .

ئويناش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن ئىككى دانە قاپاق
بىر دانە شالغا مىخلىنىدۇ. قاپاقنىڭ بېشىغا ئادەمنىڭ باش
رەسمى سىزىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇماق كىيگۈزۈلىدۇ.
ئىككى قاپاققا ئۇزۇن چاپان ياكى يەكتەك كىيدۈرۈلىدۇ
ھەمدە يالغان ساقال ئورنىتىلىدۇ. بۇ نەرسىلەر تەييار بول-
غاندىن كېيىن، بىر ئادەم شالغا مىخلانغان ئىككى قاپاقنى

دۇمبىسىگە تېگىپ، ئىككى قولىغا ئاياغ كىيىپ ئۆمىلەپ ئىككى ئادەمنىڭ ھالىتىنى شەكىللەندۇرىدۇ. ئىككى قاپاقنىڭ قوللىرىنى بىر - بىرىگە چىگىپ، چىشلەۋاتقان ئىككى پالۋان بولۇپ شەكىللىنىدۇ. قاپاق ئوينىغۇچى رىپېرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھە - ھۇ دەپ سەكرەپ چېلىشىدۇ. ئىككى قاپاق كىينگەن ئاق - قارا كىيىملەر راستىنلا ئىككى ئادەم چېلىشىۋاتقاندەك جۇشقۇن مەنزىرە پەيدا قىلىدۇ.

بۇ خىل ئويۇننىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-تەرتىپى بولۇپ، بۇ ئويۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر، قورقماس، قەيسەر، مەردانە خاراكتېرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ ئويۇننى بىر ئادەم ياكى كۆپ ئادەم ئويناشقىمۇ بولىدۇ. ئويۇن ئوينىلىۋاتقان مەزگىلدە ناغرا - سۇناي پەدىلىرى چېلىنىپ تۇرىدۇ. ئويۇن كۆرگۈچىلەر قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ ھە ئاتە، سەن نوچى دەپ مەدەتلەر بېرىپ تۇرىدۇ. بىر مەيدان ئويۇن بەش مىنۇتتىن ئون مىنۇتقىچە داۋام قىلىدۇ. بىر مەيدان ئويۇن ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلار يەڭگۈشلىنىدۇ ياكى بىر دەم ئارام ئالغاندىن كېيىن شۇ ئادەم قايتا ئوينايدۇ. ئويۇن باشقىلار زېرىككىچە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. قاپاق ئويۇنى ھازىر كەڭ دائىرىلىك ئومۇملىشىپ خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن خەلق سەنئىتى سەھنىسى تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئوينىلىپ كەلمەكتە، بۇ ئويۇننى راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۆپ خىللاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

## قۇدۇقتىن سۇ تارتىش ئويۇنى

قۇدۇقتىن سۇ تارتىش ئويۇنى — ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان، ياشلار ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان، توي - تۆكۈن، نورۇز بايراملىرىدا، يېزا مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، مەشرەپ سورۇنلىرىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

بۇ ئويۇن ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلدۈرمەي ئويناپ كېلىۋاتقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مىللىي ئالاھىدىلىكى ياخشى گەۋدىلەنگەن ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، سېرىكچىلىك تۈسىنى ئالغان كۈلكىلىك ئويۇن دېيىشكە بولىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى — بۇ ئويۇندا مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلاردىن بىرى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ، گۇناھى بېكىتىلگەندىن كېيىن كىيىمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، بېلىگە بىر دانە كالتەك باغلىنىدۇ، كالتەكنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن بىر دانە كالتەك باغلىنىدۇ، ئىككى كالتەكنىڭ باغلانغان ئۇچىغا بىر دانە شىلەنكە بېكىتىلىپ، ئۈستىدىن سۇ قۇيۇلىدۇ، شىلەنكىنىڭ يەنە بىر ئۇچى جازالانغۇچىنىڭ كاسسى تەرىپىدىن چىقىرىلىپ قويۇلىدۇ. شىلەنكە ئاستىغا بىر دانە چېلەك قويۇلىدۇ. قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچى قۇدۇقنىڭ تۇتقۇچىنى بېسىش بىلەن بىللە يەنە بىر قولىدا شىلەنكىنىڭ بىر ئۇچىدىن سۇ قۇيۇپ تۇرىدۇ. سۇ شىلەنكىدىن ئېقىپ، جازالانغۇچىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن چېلەككە چۈشىدۇ. بۇ ئويۇن كالتەكنىڭ چىڭ، پۇختا باغلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ «سۇ يېتەرلىك بولدى!» دەپ تۇۋلىغىنىغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ .

## قوماندانلىق ئويۇنى

قوماندانلىق ئويۇنى — ئۇيغۇر نورۇز بايراملىرىدا، توي - تۆكۈنلەردە، ئادەم كۆپ جايلاشقان جامائەت سورۇنلىرىدا ھەم ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

قوماندانلىق ئويۇنى — قەشقەر، ئاتۇش، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى ھەرخىل مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ جەريانىدا يىگىتبېشى ياكى پاششاپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنىدۇر.

مەيدان ۋە قاتنىشىدىغان ئادەم: كەڭرى ھەم تۈز مەيدان بولۇشى كېرەك. ئويۇنغا ئۈچتىن كۆپ ئادەم قاتناشسا بولىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ داۋامىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار 30 ئوغۇلنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئېلىپ چىقىلىپ ئوتتۇرىدا بىر مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ ئىككى

MIRAS

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قاتار قىلىنىپ تىزىلىدۇ، قاتارنىڭ ئوتتۇرىغا مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى مۈرىسىگە ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كالتەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باغلاپ «ئوڭغا بۇرۇل، سولغا بۇرۇل، ئارقىغا بۇرۇل، قەدەملەپ ماڭ» دەپ قوماندانلىق قىلىدۇ. ئويۇن داۋامىدا جازالانغۇچىلارنىڭ قوماندانلىققا خىلاپلىق قىلىشىغا ياكى ئۇياق-بۇياققا قېچىپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ «ئەسكەرلەرنىڭ قابىلىيىتى يېتەرلىك بولدى» دەپ توۋلىغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن كۈلكىلىك، قىزىقارلىق بولغاچقا چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش، ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئوينىشىغا ماس كېلىدۇ، شۇڭا بۇ ئويۇننى ئىسلاھ قىلىپ تەرەققىي تاپقۇزۇش، سەھنىلەردە ئومۇملاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

## قوزۇق قېقىش ئويۇنى

قوزۇق قېقىش ئويۇنى — ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايراملىرىدا، توي-تۆكۈنلەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا ھەم خەلق مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

مەيدان ۋە قاتنىشىدىغان ئادەم: تۈز كەلگەن ھەر قانداق مەيدان بولسا بولىدۇ، ئويۇنغا تۆت ئادەم قاتنىشىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ جەريانىدا قەلەمسىزلىق قىلغانلاردىن ئىككىنى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ بىرسىنى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزىدۇ، يەنە بىرسىنى مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن ئىككىيلەن چىقىپ پۇت قولىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يەنە بىر جازالانغۇچىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ «قوزۇق» قاقىدۇ، بۇ ئويۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان جازالانغۇچىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىگە، يېتىۋېلىشىغا، باش، مۈرىلىرىنى باشقا ياققا ئېلىپ قېچىشقا يول قويۇلمايدۇ، بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ «قوزۇق قېقىش مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن» دەپ توۋلىغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

## كۆپ خوتۇنلۇق ئويۇنى

كۆپ خوتۇنلۇق ئويۇنى — ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كۈلكىلىك، قىزىقارلىق تۈسنى پەيدا قىلىدىغان كومېدىيە شەكىللىك، باشقىلارغا ساۋاق بېرىش، ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئىبرەت ئېلىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىشىلەرگە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى.

كۆپ خوتۇنلۇق قىلىپ قويۇش ئويۇنى — قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيەلىرىدە ھەر خىل مەشرەپلەردە مەشرەپتە قىلمىقسىزلىق قىلىپ، قىز-ئاياللارغا كۆز تاشلاپ، چاقچاق قىلىدىغان كىشىلەرنى جازالايدىغان تەربىيەۋى خاراكتېرلىك قىزىقارلىق ئويۇن.

مەيدان ۋە قاتنىشىدىغان ئادەم: ھەرقانداق مەيدان بولسا بولۇۋېرىدۇ، ئويۇنغا ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىدۇ، بىر قانچە كىشىلىك ئاياللچە كىيىم، يالغان چاچ قاتارلىق نەرسىلەر تەييار قىلىنىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ سورۇنىدا قەلەمسىزلىق قىلىپ قىز-چوكانلارغا چاقچاق قىلغان باشقىلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىغا تىكىلىپ قارىغان كىشىلەر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ گۇناھى بېكىتىلگەندىن كېيىن جازالانغۇچىغا مەجەز خۇلقى ئىنتايىن ئەسكى بولغان بىر نەچچە ئەر كىشى خوتۇن (ئاياللچە ياسانغان بىر نەچچە ئەر) ئېلىپ بېرىلىدۇ. جازالانغۇچى بۇ خوتۇنلىرى بىلەن مەشرەپ سورۇنىدا سازەندىلەر چېلىپ بەرگەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ناخشا ئېيتىدۇ ھەممە مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئائىلىدە بولىدىغان ماجىرالارنى (ئويۇن تەرىقىسىدە) چىقىرىدۇ، بۇ بىر قانچە خوتۇننىڭ مەجەز خۇلقى ئىنتايىن ئەسكى بولغانلىقى ئۈچۈن جازالانغۇچىنى بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويدۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچى ئۆز گۇناھىنى تونۇغانغا قەدەر ياكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ جازالانغۇچىنى خوتۇنلىرىدىن «ئاجراشتۇرۇۋەتكەن»گە قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ ئويۇن ھازىر تەرەققىي قىلىپ سەھنىلەرگە يۈزلەندى، ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىدا ھەجۋىي نومۇر سۈپىتىدە ئوينىلىدىغان بولدى.

## قوغۇن يېگۈزۈش ئويۇنى

قوغۇن يېگۈزۈش ئويۇنى — ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارالغان نورۇز بايراملىرىدا، توي - تۆكۈنلەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا ھەم ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەشرەپ سورۇنلىرىدا، ئادەم كۆپ جايلاشقان جامائەت سورۇنلىرىدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

قوغۇن يېگۈزۈش ئويۇنى يېقىنقى يىللارغىچە ئوينىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر بارا - بارا ئوينىلىشتىن قېلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

قوغۇن يېگۈزۈش ئويۇنى — قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر، يەكەن، يېڭىشەھەر ناھىيەلىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى ھەر خىل توي - تۆكۈن، نورۇز بايراملار ۋە مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلىپ باشقىلار بىلەن گەپ قىلىشىپ ئولتۇرغانلارنى، باشقىلارنى سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىگەنلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئوينىلىدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنىدۇر.

مەيدان ۋە قاتنىشىدىغان ئادەم: ھەرقانداق مەيدان بولسا بولۇۋېرىدۇ، بۇ ئويۇنغا پەقەت ئىككىلا ئادەم قاتنىشىدۇ، ئۇسكۇنە كەتمەيدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ داۋامىدا باشقىلار بىلەن گەپ قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغانلاردىن بىرسى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئېلىپ چىقىلىپ يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ گۇناھى بېكىتىلىپ « قۇمۇلنىڭ تاتلىق قوغۇنىدىن يېگۈزۈش جازاسى بېرىلسۇن! » دېگەندىن كېيىن مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرسى چىقىپ ئەڭ ئاچچىق لازىنى جازالانغۇچىنىڭ ئېغىز بۇرنىغا سۈركەيدۇ. بۇ ئويۇندا جازالانغۇچى چوقۇم لازا سۈركۈلۈپ بولغانغا قەدەر جىم تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە بولمايدۇ. لازىنى ئادەمنىڭ كۆز قىسمىلىرىغا سۈركەشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچىنىڭ ئېغىزىغا لازا سۈركۈلۈپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

## كىگىز پىشۇرۇش ئويۇنى

كىگىز پىشۇرۇش ئويۇنى — قەشقەر، ئاقسۇ شەھەرلىرىنىڭ ھەر قايسى ناھىيە، يېزا - بازارلىرىدىكى ھەر خىل مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ جەريانىدا قىلىقسىزلىق قىلىپ ئولتۇرغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

بۇ ئويۇندا مەشرەپ داۋامىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار ياكى چاينى ئۆرۈۋەتكەنلەردىن بىرەيلەن مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ يېرىم يالىڭاچ قىلىنىپ يۈكۈندۈرۈلۈپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن كىگىزگە يۆگىلىپ يۇمۇلتىلىدۇ، مۇشتىلاپ، تېپىپ پىشۇرۇلىدۇ، كىگىز تۆپىسىگە سۇ سېپىپ يۇمشىتىلىدۇ. ئويۇن داۋامىدا كىگىز چوقۇم چىڭ باغلانغان بولۇشى، پىشۇرغاندا يېشىلىپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كەچكەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## لوكىلاپ قويۇش ئويۇنى

لوكىلاپ قويۇش ئويۇنى — يېزا - قىشلاقلاردىكى ئۆي مەشرەپلىرى، باغ مەشرەپلىرى، دالا مەشرەپلىرى قاتارلىق ھەر خىل كوللېكتىپ پائالىيەتلەردە، توي - تۆكۈنلەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، مەشرەپ سورۇنىنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنىدۇر.

لوكىلاپ قويۇش ئويۇنى — ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ناھىيە، شەھەر، ھەرقايسى يېزا - بازارلاردا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ مەشرەپ تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان، مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەنلەرنى جازالايدىغان، مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق ئويۇن.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار ياكى مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەنلەر ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا پۇت - قولىنى جۈپلەپ تىك تۇرغۇزۇپ بويىنىغا قازان چۆشۈرىدىغان تۆرۈكنى ئېسىپ ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ قويىدۇ، جازالانغۇچى كىشى تۆرۈكنى ئېلىۋەتمەي، مىدىرلىماي تۇرۇشى، ئۇياق - بۇياققا قارىماسلىقى، باشقا ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئاياغلاشقىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ياكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ، بۇ ئويۇن مەيدان ھەم ئۇسكۇنە تەلەپ قىلمايدىغان ئويۇن بولغاچقا كېڭەيتىپ ئويناشقا، ئومۇملاشتۇرۇپ ئويناشقا باب كېلىدۇ.

## ناۋات سېتىش ئويۇنى

ناۋات سېتىش ئويۇنى ــــ قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق ۋىلايەت شەھەر، يېڭىسار، يەكەن، يېڭىشەھەر ناھىيەلىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى ھەر خىل مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ جەريانىدا قائىدىسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق، كۈلكىلىك مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپ داۋامىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلار ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىدا بەدىنىنىڭ ئۈستى قىسمى يالىڭاچلىنىدۇ، جازالانغۇچىنىڭ دۈمبىسىگە ئون كىلوگىرام ئەتراپىدا بىر پارچە مۇز ئارغامچا بىلەن چىگىلىدۇ. جازالانغۇچى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىدا ئۆملەپ دۈمبىسىدىكى مۇزنى ناۋات دەپ مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ «ناۋات ساتىمەن! ناۋات ساتىمەن!» دەپ توۋلايدۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئوتتۇز ئوغۇل خۇددى خېرىداردەك باھا تالىشىپ مۇزنى ئۇيان- بۇيان سۈرۈپ قويىدۇ. جازالانغۇچى بىر نەچچىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر جازالانغۇچىغا بېرىدۇ، بۇ كىشىمۇ ئوخشاشلا «ناۋات»نى ساتىدۇ. ئويۇن داۋامىدا تۈرۈۋېلىشقا، «ناۋات»نى يەرگە قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ جەرياندا «ناۋات ساتقۇچى»نىڭ بەدىنى مۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

بۇ ئويۇن تاكى مۇز ئېرىپ كەتكۈچە ياكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىلارنىڭ گۇناھىدىن كەچكۈچە داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن ئارقىلىق قىلىقسىز، بولمىغۇر ئىللەتلەرگە رەددىيە بېرىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلىنىدۇ، بۇ ئويۇن سەل قوپال بولغاچقا ھازىر كۆپ ئوينالمايدىغان بولدى.

## يەتتە باغنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈش ئويۇنى

يەتتە باغنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈش ئويۇنى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلاردا ھەر خىل ئائىلە مەشرەپلىرى ۋە باشقا خىلدىكى مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ سورۇنىدا ئاچ كۆزلۈك قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنىدۇر.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ سورۇنىدا ئاچ كۆزلۈك قىلغانلار مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ يۈكۈندۈرۈلىدۇ، ئوتتۇز ئوغۇل ئارىسىدىن بىر باغۋەن سايلىنىپ جازالانغۇچىغا مېۋە يېگۈزۈش جازاسىنى ئىجرا قىلىدۇ. «باغۋەن» ئالدى بىلەن جازالانغۇچى يەڭگىنىڭ ئىككى لېۋىنى ئىككى قولى بىلەن مۇجۇپ تۇتۇپ تۇرۇپ ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىدۇ. جازالانغۇچى شۇ مېۋىنىڭ ئىسمىنى تەكرارلاپ بۇ مېۋىلەرنى يەيدىغان، يېمەيدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرىشى لازىم. ئويۇن داۋامىدا جازالانغۇچى سورالغان سوئالغا چوقۇم جاۋاب بېرىشى، جازالانغۇچىنىڭ ئېغىزىنى قويۇۋەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى «باغۋەن» ئۆزى بىلىدىغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى سوراپ بولغانغا قەدەر، مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كەچكەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

## يۇلتۇز ساناش ئويۇنى

بۇ ئويۇن قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر، يەكەن، يېڭىسار، يېڭىشەھەر ناھىيەلىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدا مەشرەپتە ئەدەپسىزلىك قىلغانلار، مەشرەپ قائىدىسىگە بويسۇنمىغانلارنى جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىدىغان ھەجۋىي خاراكتېردىكى ئويۇندۇر.

مەيدان ۋە قاتنىشىدىغان ئادەم: بۇ ئويۇن ئىشىك بوسۇغىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىككى ئادەم قاتنىشىدۇ، چاپان قاتارلىق نەرسىلەر تەييارلىنىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپتە ياكى سورۇندا ئەدەپسىزلىك قىلغۇچى يۇلتۇز ساناش جازاسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىشىك بوسۇغىسىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. جازالانغۇچى چاپاننى بېشىغا كىيىپ، چاپاننىڭ بىر يېڭىغا بېشى كۆرۈنگىدەك قىلىپ كىيگۈزۈلىدۇ. جازالانغۇچى يۇلتۇزلارنى ساناش ئۈچۈن چاپاننىڭ يېڭىدىن ئاسمانغا قاراۋاتقاندا يەنە بىر كىشى چەينەكتە سوغۇق سۇ ئەكىلىپ چاپاننىڭ يېڭىدىن قۇيىدۇ. جازالانغۇچى تۇيۇقسىز تۆكۈلگەن سۇدىن چۆچۈپ كېتىپ ئۆز گۇناھىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالانغۇچى سۇنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنىڭ گۇناھىغا تووۋا قىلىپ، سورۇن ئەھلىدىن ئەپۇ سورىغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن كۆلكىلىك ھەم قىزىقارلىق، كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ئويۇننى تېخىمۇ كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇپ بېيىتىشقا بولىدۇ.

## يۈزىگە قارا سۈركەش ئويۇنى

يۈزىگە قارا سۈركەش ئويۇنى قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلەردە ھەر خىل ئائىلە مەشرەپلىرى ۋە باشقا خىلدىكى مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان جازالىنىشى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئويۇن بولۇپ، يېزا ياشلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن دوستلىشىش، سىردىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، قىزىقچىلىق قىلىشتەك ئويۇنلارنى ئۆز نۆۋىتىدە ئورۇنلاپ مەشرەپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغۇچى ياكى مەشرەپ بېگى سورۇن كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە قەستەن بىر كىشىنى ئازدۇرۇپ خاتالىق ئۆتكۆزگەن قىلىپ جازالاشقا بۇيرۇلىدۇ .

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ سورۇنىدا قەستەن چاتاق چىقارغانلار ياكى مەشرەپ سورۇنىنى قالايمىقان قىلغانلاردىن بىرى 30 ئوغۇلنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئېلىپ چىقىلىپ يۈكۈندۈرۈلۈپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، كۆزى تېڭىلىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا سورۇندىن بىر كىشى قىزىقچى تېۋىپ قىلىپ تاللىنىپ جازالىغۇچىنى داۋالاشقا چۈشىدۇ. بۇ تېۋىپ «مەن بۇ كىشىنى ساقايتىمەن» دەپ جازالىغۇچىنىڭ كۆزىنى ئېچۋېتىپ «بۇ كىشىنىڭ ئالدى بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ قوياي» دەپ يۈزلىرىگە قارا سۈركەيدۇ. جازالىغۇچىنىڭ كۆزى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن يۈزىگە قارا سۈركەلگەنلىكىنى بىلمىگەچكە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا مەشرەپ سورۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئويۇننى ئويناش داۋامىدا جازالىغۇچىنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ ئويۇن تاكى جازالىغۇچى يۈزىدە قارا بارلىقىنى سەزگەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## تاق پۇتلاپ ئۇسسۇل ئويناش

تاق پۇتلاپ ئۇسسۇل ئويناش ئويۇنى — قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى ھەر خىل مەشرەپلىرىدە توي - تۆكۈن، نورۇز بايراملىرىدا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان كۆڭۈل ئېچىش جەريانىدا قىلمىسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ جەريانىدا قىلمىسىزلىق قىلغانلار مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ بىر پۇتى كەينىگە قىلىپ باغلانغاندىن كېيىن بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناشقا بۇيرۇلىدۇ. ئويۇن جەريانىدا جازالىغۇچىنىڭ يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ياكى توختاپ قالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالىغۇچى ئۇسسۇل ئوينىغان مۇزىكا تۈگىگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. جازالىغۇچىلار ئالمىشىپ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ. تەنتەربىيە تۈسىنى ئالغان بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ نەپەس يولىنىڭ ساغلاملىقىنى ياخشىلاپ، كىشىلەرگە خۇشاللىق، روھىي ئازادىلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. ئويۇن كۆپىنچە ياشلار، ئۆسمۈرلەر ۋە ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كۆپ ئوينىلىدۇ.

ھازىر بۇ ئويۇن ئىدارە - ئورگان ھەم يېزا - قىشلاقلاردىمۇ كەڭ تۈردە ئوينىلىدىغان بولدى.

## بالا بېقىش ئويۇنى

بالا بېقىش ئويۇنى — قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىكى ھەر خىل مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ جەريانىدا قىلمىسىزلىق قىلغانلارنى جازالايدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپ داۋامىدا قىلمىسىزلىق قىلغانلاردىن ئىككى ئەر كىشى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلىپ بىرسى «بالىسى»، بىرسى «ئانىسى» بولىدۇ، كېيىندۈرۈش جەھەتتە «بالا» بولغۇچىغا ئالدىن تەييارلانغان بوۋاقنىڭ كىيىمى كىيدۈرۈلىدۇ، ئانا بولغۇچىغا ئايالچە كىيىم كىيدۈرۈلىدۇ. بالا بولغۇچى ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يىغلايدۇ، ئانا بولغۇچى بالىنى ئەمدۈرۈش، ئېمىزگە ئەمدۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قىلىپ بالىنى بەزلەيدۇ، بۇ ئويۇننى ئويناشتىكى مەقسەت ئانىلارنى قەدىرلەش، بالا بېقىشنىڭ قىيىنلىقى، شۇڭا ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەۋسىيە قىلىنغان.

توپلىغۇچى: سابىرجان سېيىت
(ئاپتور: يېڭى شەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مەكت خەلقىنىڭ «بىر پىيالە چاي» ئادىتى

ئابلاجان مۇھەممەد

مەكت خەلقى تۇرلۇك مېھماندارچىلىق ۋە تويى-
تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇراسىم پائالى-
يەتلىرىدە چاقىرىلغان مېھمانلارنى چوڭ ئىززەت-ئابرۇي
بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. قۇدا-باجا، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان،
يۇرت چوڭلىرى قاتارلىقلارنى ئىززەتلەپ، تۆرگە ئۆلتۈر-
غۇزىدۇ. ئاندىن قالغان مېھمانلارمۇ تەرتىپ بويىچە ئول-
تۇرغاندىن كېيىن مېھماندارچىلىق باشلىنىدۇ. مېھماندارچى-
لىقنىڭ باشقا جايلاردىكى مېھماندارچىلىقتىن پەرقلىنىپ تۇ-
رىدىغان يېرى شۇكى يىراق-يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار
ئۇچۇن ئالدىنئالا بىر پىيالىدىن سىنچاي بېرىلىدۇ. ئاندىن
چۆچۈرە، ئۇگرە قاتارلىق سۇيۇق-سەلەڭ تاماق سۇنۇلى-
دۇ. ئارقىدىن ئۇلاپلا لەڭمەن، پولۇ قاتارلىق قويۇق تا-
ئاملاردىن تارتىلىدۇ. بۇ تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كې-
يىنلا شورپا تارتىلىدۇ. ئادەتتە بۇ تاماقلارنىڭ مىقدارى
كۆپ، ئارقا-ئارقىدىن تارتىلغان بولغاچقا ساھىبخانىمۇ بەك
زورلاپ كەتمەيدۇ، مېھمانمۇ ئۇنچۇۋالا تارتىنىپ ئولتۇر-
ماستىن ئىشتىھاسىغا بېقىپ يەيدۇ. يەپ بولالمىغان گۆشنى
ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى سۈپىتىدە زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ.
«بىر پىيالە چاي» — بىر تۇياق مال سويۇلغانلىقى-
نىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئىككى تۇياق مال سويۇلسا
«ئىككى پىيالە چاي» دەپ ئاتايدۇ.
«بىر پىيالە چاي»نىڭ تەييار بولۇش جەريانى

مۇنداق: ساھىبخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، چاقىرىلغان
مېھمانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئاساسەن شۇ كۈنى سويۇلىدى-
غان مال تاللىنىدۇ (سويۇلغان مالنى يەنە ئۇچا دەپمۇ ئا-
تايدۇ). سويۇلىدىغان مال ئۇچۈن سەككىز-ئون كىلوگى-
رام ئەتراپىدا گۆش چىقىدىغان ئوغلاق ياكى 10-12 كى-
لوگرام گۆش چىقىدىغان پاقلان تەييارلىنىدۇ. چوڭ تىپتى-
كى مېھماندارچىلىق (توي تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم مەشرەپ
سورۇنلىرى)دا 15-20 كىلوگرامغىچە گۆش چىقىدىغان
قويدىن بىر نەچچىسى تەييارلىنىدۇ.

سويۇپ تەييار قىلىنغان گۆش مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى
قازانغا (قازان چوڭ بولسا پۈتۈن پېتى تۈز ھالەتتە، كى-
چىكرەك بولسا بىلىدىن قاتلىنىپ) سېلىنىپ، گۆش چۆككى-
دەك مىقداردىكى سۇ قۇيۇلۇپ قاينىتىلىدۇ. (چوقۇم
پۈتۈن ھالىتىدە قازانغا سېلىنىدۇ، پارچىلاشقا بولمايدۇ)،
گۆش پىشىشى جەريانىدا بىر ئىككى قېتىم ئۆرۈلىدۇ. پا-
قالچاق گۆشلىرى سۆڭەكىدىن ئاجراشقا باشلىغان ۋاقىتتا
گۆش پىشقان ھېسابلىنىپ سۈزۈۋېلىنىدۇ.

پىشقان گۆش سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن ئاستى ئۈستى-
گە ئۆرۈپ تۇرۇپ تەكشى شاكاراپ سېپىلگەندىن كېيىن
يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە سوۋۇتۇلىدۇ. ئاندىن
كېيىن ئۈستىگە تۆت دانە نان (مەكىتنىڭ ئادىتىدە تۆت
نان بىر توققۇز نان ياكى بىر خون نان دەپ ئاتىلىپ ئۇ-
لۇغلىنىدۇ. مېھماندارچىلىقتا كۆپىنچە تۆت نان ئادەمەتچى-
لىك قىلىنىدۇ). يېپىلغاندىن كېيىن سورۇنغا ئېلىپ چىقىلى-
دۇ. بۇ ئۇچا تارتىش دېيىلىدۇ. سورۇن بېشى ئۇچا
تارتىش مەقسىتىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئاندىن گۆشنى
پارچىلاشقا تاپشۇرىدۇ، ئادەتتە بىر ئۇچا سىمۋوللاشتۇرۇ-
لۇپ «بىر پىيالە چاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

«بىر پىيالە چاي» ئادەتتە ئوخشىمىغان خاراكتېردى-
كى مېھماندارچىلىقتا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئېلان قىلىنىدۇ.
بۇ ئەل ئىچىدە «جوراش» (ئېغىز تەلەپپۇزىدا جوراپ،
جولاش) دېيىلىدۇ. ئادەتتە سۆزمەن، چاققان بىر كىشى
ئوتتۇرىغا چىقىپ جامائەتكە يۈزلىنىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەي-
كۇم جامائەت، XX باشچىلىقىدىكى بۈگۈنكى سورۇنغا
داخىل بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلار، قېرىنداشلار، مېھمانلار،
بۈگۈنكى ساھىبخان XX نىڭ مۇشۇ سورۇندىكى ھەرقاي-
سى ئەزىز مېھمانلارغا بىر پىيالە چېيى باركەن، ئاددىي
كۆرمەي ئېغىز تېگىپ بەرگەن بولساڭلار» دەيدۇ. سو-
رۇندىكى مېھمانلار بىردەك «رەھمەت، كايىپ كېتىپتۇ»
دېيىشىدۇ.

ئۆلۈم-يىتىمدەك قايغۇلۇق ئىشلاردا بۇنداق
«جوراش» بولمايدۇ. ئاددىيلا «سەۋر قىلسىلا، قازاغا
رىزا، ئاددىي بولسىمۇ بىر پىيالە چېيىمىز باركەن» دەپ
پۈتۈن ھالدا تونۇردا پىشۇرۇلغان ئۇچىنى قويىدۇ، بەزىدە
خام ئۇچىنى داستىخانغا قويۇپ مۇسىبەت ئىگىسىدىن ھال
سورايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بىر پىيالە چاينىڭ مېھمان-
دوستلۇقتىن باشقا يەنە ئۆزئارا كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ئادا-
ۋەت-نىزالارنى تۈگىتىش، ئازارلىشىپ قالغانلارنى ياراش-
تۇرۇش رولىمۇ بار. مەكىت خەلقىنىڭ مۇشۇ قاراش ئاسا-
سىدا شەكىللەنگەن بىر پىيالە چاي ئادىتى ئۆزگىچىلىككە
ئىگە بولۇپ چاينىڭ تۈرلىرى ۋە شەكلى مۇنداق:

### تويدىكى بىر پىيالە چاي

مەكىت خەلقى پەرزەنتلىرى ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەن-
دىن كېيىن ئەلچى ئەۋتىش، داستىخان ئاپىرىش، نىكاھ قا-
تارلىق بىر يۈرۈش تەرتىپ-قائىدىلەر ئارقىلىق بىر جۈپ
قىز-يىگىتنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. مە-
كىتتە توي ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، 1-كۈنى
قىزنىڭ ئۆيىدە، 2-كۈنى يىگىتنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. تويدى-
كى بىر پىيالە چاي قۇيۇش ئادىتى ھەر ئىككى كۈندە
ئوخشاش شەكىلدە، تەرتىپتە بولىدۇ. توي كۈنى بارلىق
ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-جامائەت يىغىلغاندىن كېيىن ساھىب-
خان تەرەپ مېھمانلارغا تەييارلانغان «بىر پىيالە چاي»
نى (ئۇچىنى) سورۇنغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئەگەر ساھىبخانىنىڭ
قۇدا-باجىلىرى كۆپرەك بولسا ئىككى ئۇچىنى تەييارلاپ،
سورۇنغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئالدى بىلەن يېڭى قۇدىسى مېھ-
مانلارغا يۈزلىنىپ، قۇدىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ:
«پۇستانچى قۇدام ۋە قۇدام باشلىق مېھمانلارغا بىر پىيا-
لە چېيىم باركەن، ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئاز كۆرمەي بۇ بىر
پىيالە چېيىمىزغا ئېغىز تېگىپ بېرىشىنى سورايمىز» دەيدۇ.
بۇ چاغدا مېھمانلار «رەھمەت بەك جۇۋاپ كېتىپسىلەر»
دەيدۇ. ئاندىن باشقا قۇدا-باجىلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ
ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەر، مەھەللە-كويلىرىنىڭ
ئىسمىنى ئاتاپ «مېھمانلارغا بىر پىيالە چېيىم باركەن،
تۇغقانلارنىڭ ئاز كۆرمەي مۇشۇ بىر پىيالە چېيىمىزغا
ئېغىز تېگىپ بەرسە» دەيدۇ. ئاندىن بۇ تەرتىپ تۈگىگەن-
دىن كېيىن، «بىر پىيالە چاي» (ئۇچا) سورۇندىن ئېلىپ
چىقىلىپ، بۆكەل (توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


مەخسۇس گۆش پارچىلايدىغان كىشى) تەرىپىدىن پارچىلە-
نىدۇ. «بىر پىيالە چاي»نىڭ تەقسىملىنىشى مۇنداق: سا-
ھىبخانىنىڭ كونا، يېقىن قۇدىلىرى ئەزىز مېھمان سانىلىپ،
ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوخشاش نىسبەتتە بىر ساندىن
گۆش تەقسىملىنىدۇ. توي بولۇۋاتقان ئۆيدىكى كېلىن-كۈ-
يۇئوغۇللارمۇ ئىززەتلىنىپ، ئوخشاش نىسبەتتە گۆش
تەقسىم قىلىنىدۇ، ئاندىن قالغان بارلىق مېھمانلارغا بىر
تەك نىسبەتتە گۆش تەقسىم قىلىنىدۇ.

تويدا ئالدى بىلەن مېھمانلارغا چاي، مېۋە-چېۋە قو-
يۇلىدۇ. ئاندىن قورداق تارتىلىدۇ (ھازىر ئاساسەن لەڭمەن
تارتىلىدۇ) ئارقىدىن گۆش بېسىلمىغان پولۇ (مەكتە تاز
پولۇ دېيىلىدۇ)، ئىككى كىشىگە بىر لىگەندىن تارتىلىدۇ. بۇ
چاغدا بۆكەللەر ئۈچىنى پارچىلاپ، داستىخان ئۈستىگە
ئېلىپ چىقىپ، ھەر بىر كىشىگە بىر پارچىدىن گۆش تەقسىم
قىلىدۇ. تەقسىم قىلىشتا بۆكەللەر ئادەم سانىغا ئاساسەن
گۆشلەرنى پەشتامىغا ياكى داسقا ئېلىپ ئالدىنئالا تارتىلغان
پولۇ ئۈستىگە كىشى بېشىغا بىر پارچىدىن تەقسىم قىلىدۇ. بۇ
سورۇندا بارلىق كىشىلەر ئوخشاش تەقسىملەنگەن گۆشكە
ئېغىز تېگىدۇ. قۇدا-باجىلارغا، كېلىن-كۈيئو ئوغۇللارغا
ئاتالغان نېسۋە گۆش ئاخىرىدا پولۇ ئۈستىگە بېسىلىپ،
زەللە قىلىپ يولغا سېلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ناھىيە ئىچىدىكى تويلارنىڭ كۆپىن-
چىسى تۇرلۇك سەۋەب ۋە ئېھتىياج تۈپەيلى مەخسۇس
مەرىكە زاللىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. بۇ خىل شارا-
ئىتتا مېھمانلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال چاي قو-
يۇلۇپ لەڭمەن تارتىلىدۇ. ئاندىن كىشى بېشىغا بىر تەخ-
سىدىن پولۇ تارتىلىدۇ. پولۇ ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا
گۆش بېسىلىدۇ ياكى ئىككىدىن پېتىر مانتا بېسىلىدۇ. بۇ
خىل تاماق تارتىش تونۇش-بىلىش، مەھەللە-كويلارغا تار-
تىلغان ئۈچا ھېسابلىنىدۇ. مېھمانلارمۇ دۇئا قىلىشىپ
تويدىن تارقايدۇ. توي ئاخىرىدا ئۇرۇق-تۇغقان، قۇدا-
باجىلار ئارا ھۆرمەت ۋە رەسمىيەت بويىچە ئۈچا تارتىش
بولىدۇ. ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلى تويغا قاتنىشالمىغان
قۇدا-باجىلار بولسا گۆش نېسۋىسى ئەۋەتىلىدۇ، باشقىلار
ئۈچۈن ئالاھىدە نېسۋە ئەۋەتىلمەيدۇ.

### بۆشۈك تويدىكى «بىر پىيالە چاي»

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە مەكتىمۇ ياتلىق
قىلىنغان قىزنىڭ تۇنجى تۇغۇتى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ.
قىرىقى توشقىچە ئانىسىنىڭ كۆتۈشىدە بولغاندىن كېيىن يە-
گىتنىڭ ئاتا-ئانىسى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ۋە بىر
نەچچە قوشنىسىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. بوۋاق
ئۈچۈن يۆگەك، ئەديال، كىيىم-كېچەك، قىز ئۈچۈن ئىق-
تىسادىي ئەھۋالغا يارىشا تۇرلۇك كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇ
زىننەتلەرنى، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغىمۇ مۇۋاپىق سوۋغا-سا-
لاملارنى ئېلىپ كېلىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى بوۋاق ئۈچۈن
يېڭى بۆشۈك ۋە بۆشۈكنىڭ لازىملىقلىرىنى تەييارلايدۇ.
بۆشۈك تويىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بالىنىڭ سالامەت تۇغۇل-
غانلىقىنى، بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانا بولغانلىقىنىڭ
شادلىقىنى تەبرىكلەش ۋە قىزى بىلەن نەۋرىسىنى سالامەت
ھالدا قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويۇش بولغاچقا، قىز
تەرەپ ئەھۋالغا يارىشا تەييارلىق قىلىدۇ. مەكتە بۆشۈك
تويى يەنە تۇغۇت چېيى، تۇغۇت كۆرىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۆشۈك تويىدىمۇ «بىر پىيالە چاي» قويۇلىدۇ. مېھ-
مانلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ساھىبخان مېھمانلارغا
يۈزلىنىپ، بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقنىڭ مەقسىتى ۋە مېھ-
مانلارغا ئۆزىنىڭ ئاز بولسىمۇ بىر پىيالە چېيى بارلىقىنى
ئېيتىپ، ئۈچىنى پارچىلاپ مېھمانلارغا ئورتاق تەقسىم قى-
لىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە يىگىتنىڭ ئۆزى باشقىلار-
دىن سەل پەرقلىق ھالدا نېسۋە ئالىدۇ. يېڭىدىن ئانا بول-
غۇچىمۇ ئەزىزلىنىپ نېسۋە ئالىدۇ، كۆپىنچە ئەھۋالدا قې-
يىنئاتا، ئانا بولغۇچى يېڭى ئانىغا سالامەتلىك تىلەپ ئۆز
نېسۋىلىرىنى نەۋرەم يېسۇن دەپ كېلىنگە ئۆتۈنىدۇ.

### خەتنە تويدىكى «بىر پىيالە چاي»

سۈننەت تويى يەنە خەتنە تويى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
سۈننەت قىلىش ئادەتتە ئوغۇللار بەش ياشتىن يەتتە ياش-
قىچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ. سۈننەتنى قىلىش ئالدىدا
بالا ئۈچۈن يېڭى يوتقان-كۆرپە تەييارلىنىدۇ. سۈننەتنى
قىلىنىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى، بوۋا-
مومىلىرى بىرلىشىپ بالىنىڭ سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزىدۇ.
سۈننەت تويىدا ئۇرۇق-تۇغقان، مەھەللە-كوي چاقىرىلى-
دۇ، كەلگەن مېھمانلار مۇۋاپىق تۇردە سوۋغا-سالام
ئېلىپ كېلىدۇ. ساھىبخان مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە-يوسۇ-
نى بويىچە كۈتكەندىن كېيىن مېھمانلار ئۈچۈن «بىر پىيا-
لە چاي» قويىدۇ. سۈننەت تويىدا قۇدا-باجىلار كەلگەن
بارلىق جامائەت بىلەن ئوخشاش كۈتۈلىدۇ، «بىر پىيالە
چاي»دىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ، توي ۋە تۇغۇت
كۆرىكىدەك تۇغقانلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق نېسۋە
ئېلىشى بولمايدۇ.

### ھېيت-بايراملاردىكى «بىر پىيالە چاي»

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ

بايرىمى بولۇپ، ئۇ يەنە تۈرلۈك سەۋەب بىلەن ئازارلىشىپ
قالغانلارنى ياراشتۇرىدىغان، ئاداۋەتنى يۇيىدىغان بايراھ-
دۇر. مەكىت خەلقى بۇ كۈندە ئومۇمىي ئۇيغۇرلارغا ئوخشا-
شلا ئەرلەر سەھەردە ھېيت نامىزىغا بارىدۇ. قىز - ئاياللار
چىرايلىق كىيىنىدۇ، ھويلا - ئارامنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازى-
لايدۇ. ئۈچ كۈن ھېيتتىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرت -
مەھەللە ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. «قىچقارغانىنىڭ ئىتى ئۇلۇغ»
دېگەن گەپ بويىچە ساھىبخان ئالاھىدە تەييارلىق قىلىدۇ،
بۇ چاغدا «بىر پىيالە چاي» قويۇلىدۇ. مەلۇم سەۋەبلەر
بىلەن كېلەلمىگەنلەرگە نېسۋە ئەۋەتىلىدۇ.

### ئۆلۈم ۋە نەزىرىدىكى «بىر پىيالە چاي»

ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى بولۇپ، ئۇ
قايتا ئىزىغا ئەكەلگىلى بولمايدىغان يوقىتىشتۇر. شۇڭا كى-
شىلەر ئۆلۈمنى قايغۇ - ھەسرەتلىك ئىش دەپ بىلىپ،
ۋاپات بولغۇچىنىڭ قانداق ياشتىكى، سالاھىيەتتىكى ئادەھ-
لىكىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئىنسانلىق ئىززىتىنى قىلىپ
ئۇزىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.ئۆلۈم بولغان كۈنى
ۋە كېيىنكى نەزىرلىرىدە يۇرت - مەھەللە، ئۇرۇق - تۇغقاذ-
لار جەم بولۇپ، مېيىت ئۇزىتىش، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغا
يېقىندىن ھەمدەمدە بولىدۇ. ئۆلۈم بىر قايغۇلۇق ئىش
بولغانلىقى ھەم ئۇيغۇرلاردىكى ئادەت بويىچە ئۆلۈم
بولغان ئۆيدە بىر نەچچە كۈن قازان ئېسىلمايدۇ، بۇ ۋا-
قىتتا قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئەھۋال سوراپ،
قويۇق - سۇيۇق تاماق ئېتىپ ئەكىرىدۇ، ئۆلۈملۈك بولغان
ئۆيگە ئىسسىقلىق بېرىدۇ.

«بىر پىيالە چاي» بېرىش ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىدىمۇ
بار، لېكىن ئۆلۈم - يىتىمدا بېرىلىدىغان چاي باشقا مەرىكە-
لەردىكى «بىر پىيالە چاي»دىن سەل پەرقلىق. باشقا مە-
رىكىلەردە ساھىبخان مېھمانلارغا چاي بەرسە ئۆلۈم بول-
غاندا باشقىلار مۇسىبەت ئىگىسىگە چاي بېرىدۇ.

مەكىتتە ئۆلۈم بولغاندا قارىلىق بولغۇچىغا چاي بېرىلى-
دۇ، قۇدا - باجىلار ۋە يېقىن ئەل - ئاغىنە، قولۇم - قوشنىلار
بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا بىر ئۇچىنى پۇشۇرماي، خام پېتى
ئېلىپ كېلىپ، مۇسىبەت ئىگىسىگە «بىر پىيالە چاي»نىمىز
باركەن دەپ ئىسسىقلىق ئىچۈرىدۇ. بۇ ئۇچىنى مۇسىبەت ئى-
گىسى ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزى ئائىلىدە تاماق قىلىپ يېسە-
مۇ ياكى نەزىرگە ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. (قىسمەن ھاللاردا
پۈتۈن پېتى تونۇردا كاۋاپ قىلىپ ئەكىلىپ ئىسسىقلىق ئىچۈ-
رىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت) بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسىبەت ئى-
گىسىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشتەك
ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى.

### مەشرەپ شەكلىدىكى بىر پىيالە چاي

دولان مەشرىپى ــ دولان مۇقام ناخشىلىرى ئېيتى-
لىپ، دولان ئۇسسۇلى ھەمدە تۈرلۈك شەكىلدىكى خەلق
ئويۇنلىرى ئوينىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئۇنىۋېرسال
سەنئەت شەكلى.

دولان مەشرەپى باي مەزمۇنغا ئىگە بىر پۈتۈنلۈك
بولسىمۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە
شەكىل ئارقىلىق مەكىت خەلقىنىڭ ئائىلە قارىشى،
تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى نامايان قىلىپ
كەلگەن.

ھېيت - بايرام مەشرىپى، توي مەشرىپى، كۈتۈۋېلىش
مەشرىپى، قاتارى مەشرەپ، تەكلىپ مەشرىپى، ناماقۇللۇق
مەشرىپى، دەردمەنلەر مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەش-
رىپى، قارلىق مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەرنىڭ بەزىلىرى-
دە مەخسۇس «بىر» ياكى «ئىككى پىيالە چاي» تەييارلى-
نىپ، مەشرەپكە كەلگەن مېھمانلارغا سۇنۇلىدۇ. ساھىبخان
مېھمانلارغا يۈزلىنىپ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت،
بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنىڭ مۇبارەك قەدىمى پېقىرنىڭ ھوي-
لىسىغا يېتىپتۇ، شۇڭا ئىلكىمدە بارىدىن «بىر پىيالە چاي»
تەييار قىلدىم، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئاز كۆرمەي، بارىنى تا-
لىشىپ تەڭ يېيىشىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن دېگەن-
دەك سۆزلەر بىلەن كۆپچىلىكنى چايغا تەكلىپ ئېتىدۇ.
بۇنداق بىر پىيالە چاي شۇ كۈنى مەشرەپكە قاتناشقان كى-
شىلەرگە تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ، بۇ مەشرەپلەردە نوقۇل
كۆڭۈل ئېچىش ئاساس بولماستىن، يۇرت - مەھەللىدىكى
مۇھىم ئىشلار مەسلىھەت قىلىنىدۇ، قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ
يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشۇپ،
ئۇلارغا ياردەم قولى سۇنۇلىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغانلار-
نىڭ ئاداۋىتى يۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشى
تەشەببۇس قىلىنىدۇ. يۇرت - مەھەللىنىڭ ئالدىدا ئەدەب-
سىزلىك، يامان ئىش قىلغانلار ئەيىبلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۈزى-
لىشى قولغا كەلتۈرىدۇ.

شەھەرلىششىنىڭ تېزلىششى بىلەن تۈرلۈك مېھماذ-
دارچىلىق ئائىلىدىن مەرىكە زاللىرىغا كۆچكەن بولسىمۇ
«بىر پىيالە چاي» قۇيۇش ئادىتى مەكىتتە يەنىلا دەۋرگە
ماسلىشىپ بەزى جەھەتلەردە شەكىل جەھەتتە ئازدۇر-
كۆپتۇر ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان ھالدا داۋاملاشماقتا.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۇھەررىرلەرنىڭ بۇرچى

ماينۇر مۆمىن

لاياقەتلىك مۇھەررىر بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇھەررىرلەر ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىشى كېرەك. بۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، توختىماستىن ئۆگىنىپ، بىلىم جۇغلىشى زۆرۈردۇر. ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئىنسانلارغا ئۆزى ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپ پايدا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. كىشىلەر كىتاب ئوقۇش، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆگىنىپ بولالمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ، بىلىمىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ھەممە ئادەم بىلىملىك بولۇپ كەتمەيدۇ. ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى ھامان بىلمەيدىغىنىدىن ئاز بولىدۇ، بىز بىر ئۆمۈر ئۆگەنسەكمۇ يەنىلا بىلمەيدىغان يېڭى بىلىمگە ئۇچرايمىز، موھتاج بولىمىز. مۇھەررىرلەرمۇ شۇنداق، ئۇلار ھەر كۈنى ئۆز كەسپىدە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغان، جان-دىل بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بولسىمۇ ئەمما ھامان چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى زاماننىڭ ئۆزگىرىشى، پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر كۈنى دۇنيادا ھەر تۈرلۈك يېڭى شەيئىلەر، يېڭى پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرى بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مۇھەررىرلەر دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئۆز كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن توختىماي ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ھەر بىر مۇھەررىر كەسپىي بىلىمنى، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ كىتاب كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مۇھەررىرنىڭ ساپاسى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، بۇ سىياسىي، ئىدىيەۋى ساپا، كەسپىي ساپا ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىم ساپاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنىۋېرسال ساپا — ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس كەسپىي ۋە ئۇنىۋېرسال پائالىيەتلىرى جەريانىدا گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىقتىدارى بولۇپ، ھازىرقى زامانىۋى تېخنىكىلارنى قانداق ئىگىلەش، قانداق چۈشىنىش، ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەزگۈرلۈك، ئالدىن كۆرەرلىك جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لاياقەتلىك مۇھەررىر ھامان ئۆز مۇھىتى تەركىبىدىكى يېڭىچە ئۇچۇر-بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشى، كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. مۇھەررىرلىك — ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشنىڭ تىپىك نەتىجىسى بولۇپ، مۇھەررىرلەر ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى، پىششىقلاپ ئىشلىگۈچىسى ھەمدە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانلىرىنىڭ بىۋاستە قاتناشقۇچىسى بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىدۇر. شۇڭا مۇھەررىرلەر تۆۋەندىكىدەك ساپالارنى ھازىرلىشى ۋە داۋاملىق ئۆستۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى تولىمۇ زۆرۈر.

1- سىياسىي ساپانى ئۆستۈرۈش — بارلىق كەسپىي ساپانى ئۆستۈرۈش ۋە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. نەشرىياتلار ياكى گېزىت-ژۇرناللار ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ، ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە يېڭىلىنىۋاتقان ئېلېكترون ئۇچۇر

دەۋردە، مۇھەررىرلەر جەزمەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ئىجتىمائىي ئۇچۇرلار ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا يېڭى تېما، يېڭى ھادىسە، يېڭى ساھەلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى، يېڭى پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈم، يېڭى سىياسەتلىرىدىن يېڭى ۋەزىيەتنى بىلىشكە ماھىر بولۇشى، دۇنيا قارىشىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

2ـ مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ساپاسى — ئۇلارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئاساسى. زاماننىڭ تەرەققىياتى ۋە ئوقۇرمەنلەر ساپاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇھەررىرلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ۋە تەلىپىمۇ كۈنسايىن يۇقىرى بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەر دەۋرنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بىلىش ۋە بەھرىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ماھىر بولۇشى، كەسپىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلەپ، ئىدىيەۋىلىك ۋە بەددىئىيلىك جەھەتتىن ۋايىغا يەتكەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بايقاش سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

3ـ ئىجادچانلىق روھى — ئۇنىۋېرسال ساپانى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئىجادچانلىق ئېڭى كەمچىل بولۇش ماھىيەتتە ئارقىغا چېكىنىش دېمەكتۇر. بۇ مۇھەررىرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭلاشقا مۇھەررىرلەر جەزمەن ئۆز تەپەككۇرىنى يېڭىچە زامانىۋى تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە ئۇسۇلى بىلەن تەڭشەشكە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىشى، ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئارگىنالىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا بىردەك ئەجىر سىڭدۈرۈشى كېرەك. ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشىنى توغرا ئىگىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن ئورۇن ئېلىشقا تىرىشىشى، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل، چىرىك، چاكىنا مەدەنىيەتنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك.

4ـ مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى — كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تۈپ مىزانى. ئەخلاق — ئادەم زىننىتى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشتىكى تۈپ كاپالىتى. ئەخلاقتىن چەتنىگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئادەملىك قىممىتى يوققا چىقىدۇ. مۇھەررىرلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن خالىس ئەمگەك قىلىدىغان ئەخلاقىي-پەزىلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھەقىقىي ئادەم بولۇش مۇھەررىر بولۇشتىن كۆپ مۇشكۈل. شۇڭا لاياقەتلىك مۇھەررىر بولۇشنى كۆزلىگەن ئادەم جەزمەن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنى ئەخلاق مىزانلىرى ئارقىلىق ئۆلچەپ سېلىشتۇرۇپ تۇرۇشى، باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك.

قىسقىسى مۇھەررىرلەر ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشى كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2014 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ھۆسەنجان تۇرسۇن

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، تەڭ راۋاجلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، قەدىمىيلىكى، رەڭدارلىقى، كۈچلۈك يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر.

مەدەنىيىتىمىز تارىختا ئاجايىپ شۆھرەتلىك دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئۆزگىچە مىللىي خاراكتېرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خاراكتېر ماكان جەھەتتىن تەڭرىتاغ، ئىلى ۋادىسىنى مەركەز، ئورخۇن- يېنسەي ۋادىلىرى بىلەن ئامۇ- سىر ۋادىلىرىنى ئوتۇڭ- سول قانات، تۇرا، قاڭقىل، ئوغۇز، توخرى، سوغدىلارنى مەنبە، توتېم، شامان، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام دىنىنى ئېتىقاد قىلغان ئاساستا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە نۇرغۇن تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ:

1. توتېم ئۇسسۇللىرى. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېم ئېتىقادى دەۋردە یاراتقان تۈرلۈك ئۇسسۇللىرىغا قارىتىلغان. ئۇ ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇنلار بىلەن قىياتاش رەسىملىرىگە سىزىلغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېپتىدائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئالەم قاراشلىرى ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇسسۇل تارىخىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇسسۇل شەكىللىرى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ

ئۇلنى قۇرغان، ئاساسي ئالامەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن،
كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان.

2. ئىپتىدائىي ئۇسسۇللار. ئۇ ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ
ئۇلى بولغان كوللېكتىپ ئەمگەكنى، ئوۋنى، جەڭنى، مول
ھوسۇلنى تەنتەنىلىرىنى، مۇراسىم-يوسۇنلارنى، دىنىي ئې-
تىقادنى ئىپادىلىگەن.

3. خەلق ئۇسسۇلى. بۇ ئىبارە گەرچە مىللىي
ئۇسسۇل دېگەن ئىبارىدىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ
مىللىي ئۇسسۇلنىڭ بۆلىقى ۋە ئۇلىدىن ئىبارەت. خەلق
ئۇسسۇلى ئىپتىدائىي ئۇسسۇللاردىن كېلىپ چىققان. ئىپتى-
دائىي ئۇسسۇللاردىكى ئۇسسۇل ئالامەتلىرىنى ئىزچىللاش-
تۇرۇپ ئېتنىك سىستېما ۋە ئېتنىك ئەنئەنە ھاسىل قىلغان.
ئۇ خەلق ئىچىدە ئوينىلىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام
قىلغان. خەلق مۇزىكىلىرى بىلەن زىچ باغلانغان مىللىي
ئۇسسۇل ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى مەدەنىيەت تارىخىمىز
بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، ساما ئۇسسۇلى، سەنەم ئۇس-
سۇلى، دولان ئۇسسۇلى، شادىيانە ئۇسسۇلى، پېرە ئۇس-
سۇلى، نازىركوم ئۇسسۇلى، نىقابلىق ئۇسسۇلى،جابدۇق
ئۇسسۇلى، بۇددا ئۇسسۇلى، تاغ مەشرىپى ئۇسسۇلى قا-
تارلىق ئۇسسۇل تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكى-
دەك بىر نەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، خەلق ئۇسسۇلى قەدىمدىن تارتىپ غەرب،
شەرق مەدەنىيىتى ۋە ئەتراپتىكى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن
بىۋاستە ئۇچراشقان، ئۇچرىشىش جەريانىدا مەزمۇننى بېيى-
تىپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتقان
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بوشۇكىدە بارلىققا كەلگەنلىكتىن
غەربنىڭ تىك سىزىقلىق مەدەنىيەت ھالىتىنىمۇ، شەرقنىڭ
يۇملاق سىزىقلىق مەدەنىيەت ھالىتىنىمۇ مۇجەسسەملىگەن.

ئىككىنچى، خەلق ئۇسسۇلى يەنە دىنىي خۇسۇسىيەتكە
ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادلىرىنى ئى-
پادىلىگەن. مەسىلەن: «ساما ئۇسسۇلى» ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەڭ دەسلەپكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىكى كۆككە
تېۋىنىپ ئوينىغان ئۇسسۇلى بولۇپ، ئۇ زامانلارنىڭ ئۆتتۈ-
شى بىلەن سوپى-ئىشانلارنىڭ دىنىي پائالىيىتىگە، شۇنداقلا
ھېيت-بايراملاردا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل تۈرىگە ئايلىنىپ
كەتتى. يەنە «پېرە ئۇسسۇلى» قويۇق شامان دىنى تۈس-
نى ئالغان بولۇپ، ئۇ جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، كىشى-
لەرنى كېسەلدىن، بالايىئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇشنى
مەقسەت قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، بۇددا ئۇسسۇلىمۇ
قويۇق بۇددا دىنى خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئۈچىنچى، خەلق ئۇسسۇللىرىدا يەنە ئۇسسۇلچىلار
قولىرىغا ھەر خىل جابدۇقلارنى ئېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدى-
دىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش ئۈچۈن
قوغدىنىش، تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك ئىدىيە-
سى ئىپادىلەنگەن. ھەتتا بۇنىڭغا سېرىكچىلىك خۇسۇسىيەت-
لىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن.

تۆتىنچى، خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە ھەر خىل جىن-
ئالۋاستى، ھايۋانات، ئۇچار قۇش سىياقىدا نىقابلىنىپ ياكى
ئۇلارنى دوراپ ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل شەكىللىرىمۇ بار،
بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە خىلمۇ
خىل سىرلىق ھادىسىلەرنى مەلۇم ئوبراز ئارقىلىق ئىپادى-
لەپ سىرلىق ھالەتلەردىن ۋە تەبىئەتتىن غالىپ كېلىش رو-
ھىنى نامايان قىلغان.

بەشىنچى، خەلق ئۇسسۇلى يەنە ئىنتايىن ئاممىباب
خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇسسۇلچىلار چوڭ
ئوخشاشلىق ئىچىدە ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ ھەم
ئۇسسۇل ئارقىلىق خاراكتېرىنى، مىجەز-خۇلقىنى، ئارزۇ-
ئۈمىدلىرىنى، مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئالتىنچى، خەلق ئۇسسۇلى يەنە دەۋر خۇسۇسىيىتىگە
ئىگە بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ھەر
دەۋرنىڭ يېڭى ئىدىيەسى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ
يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن ئۆزىنى بېيىتىپ تەرەققىي قىلىپ
كەلگەن.

يەتتىنچى، خەلق ئۇسسۇلى يەنە مىمىكىلىق خۇسۇس-
يەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇسسۇلچىلار ئۆز ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەشنى ئاساسي ئورۇنغا قويىدۇ. جۈملىدىن قىزلار لې-
ۋەنلىك، نازۇكلۇق، گۈزەللىكنى ئىپادىلىسە، ئوغۇللار
كەسكىن، باتۇر، چاققان، مەردانىلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىرى ھەر بىر دەۋر-
دىكى سەنئەت ئىجادىيىتى تەرىپىدىن داۋاملىق يېڭىلىنىپ،
پىششىقلىنىپ، يېڭى پىكىر، مەزمۇن، ھېسسىيات بىلەن يۇ-
غۇرۇلۇپ يۈكسەك دەرىجىدە ئۇسسۇللۇق ھالەتنى ھازىر-
لىغان ئۇسسۇل شەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار تۈپ نېگىزىدىن
ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، قەدىمىي بولۇش،
تارىخى ئۇزاق بولۇش، ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولۇش،
تەبىئىي ھالەتكە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا-
ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۇسسۇل ئەترىتىدىن)

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سىنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۆلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈناملەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە

بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 — 58
تېلېفون نومۇرى: 4554017 — 0991
E—mail:miras uyghur @126.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىملىرى







